
ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 2
3

# رابىيە - سەئدىن

ئاپتورى: ئابدۇرېھىم نىزارى نەشرىيلەشتۈرگۈچى: ئەمەت دەرۋىش



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى



ھۆرمەتلىك ________________ گە:

سىزگە تەقدىم ئېتىلگەن بۇ كىتاب 19 ـ ئەسىر تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچىسى، تالانتلىق شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىي (1776 ـ 1850) نىڭ مەشھۇر ئەسىرى «رابىيە ـ سەئىدىن» نىڭ ھازىرقى زامان تىلىدا نەسرىيلەشتۈرۈلگەن نۇسخىسى بولۇپ، سىزنىڭ كىلاسسىك ئەدىبلەر ئاۋازىنى بۈگۈنكىلەر تىلىدىن ئاڭلىشىڭىزدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغۇسى.

________________ دىن

كۈنى ـ ئاينىڭ ـ يىلى ـ





ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 2

3

# رابىيە - سەئىدىن

ئاپتورى: **ئابدۇرېھىم نىزارى**
نەسرىيلەشتۈرگۈچى: **ئەمەت دەرۋىش**

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مەجمۇئە نامى: ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى ـ 2 (3)

كىتاب نامى: رابىيە ـ سەئىدىن

پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

ئاپتورى: ئابدۇرېھىم نىزارى

نەشرىيلەشتۈرگۈچى: ئەمەت دەرۋىش

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا تەۋەككۇل

مەسئۇل كوررېكتورى: گۇلباھار توختەم

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830000

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 5.75

نەشرى: 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5469-1445-9

ئومۇمىي باھاسى: 122.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)



(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# ئاھ، نېمانچە ئامراق سۆيگۈگە يۈرەك!

يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىمغا قانچىلىك ۋاقىت بولغانلىقىنى بىل-
مەيمەن. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن خەيرلىشىشكە قانچە
قېتىم تىرىشىپ كۆرگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىرلىق
قىسمەتلەر يوشۇرۇنغان جىسمىدىن ئىزگۈگە ئۆلگە ئىزدەشكە
ئۇرۇنغان ۋۇجۇدۇم ئۇنىڭغا مەھكەم باغلانغاندەك ئىدى. مەن سۈ-
كۈتكە چۆمگەن تەنلىرىمنى ئىختىيارسىز سىلكىپ، قېتىپ قال-
غاندەك ھەرىكەتسىز تۇرغان جۈپ قارىچۇقۇمنى نۇقتىدىن ئۈزدۈم-
دە، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قايتا تىكىلدىم. ئۇپۇق لېۋىنى
سۆيۈپ تۇرغان قۇياشنىڭ شەپەق نۇرى ئۇنىڭ ياپراقلىرىدا
جۇلالايتتى. جۈپ ۋۇجۇدتا بىنا بولغان سۆيگۈ ئۈچۈن دائىم يې-
لىنجاپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن پاك يۈرەكتىن سىن ئالغاندەك،
خۇددى ئاشۇ يۈرەك شەكلىدىكى دائىرىدە كۆكلەپ، ياشىرىپ تۇر-
غان جىسمىدا بەرق ئۇرۇپ تۇرغان قىپقىزىل چېچەكلەردىن چاق-
نىغان گىرىمسەن نۇر، ئۇ قوينىغا ئالغان جۈپ قەبرىنىڭ ئۈس-
تىدىكى شەپەققە قوشۇلۇپ ئۇلارغا باشقىچە ھۆسن بېغىشلىغان-
دى. قەلبىمنى مەھلىيا قىلغان قىزىللىق ۋۇجۇدۇمغا كۆچۈپ،
مىسكىن تېنىمگە ھارارەت بېغىشلاۋاتقاندەك، يۈرىكىم كۆكرەك

قەپەسلىرىمگە ئاياۋسىز ئۇرۇلماقتا. تومۇرلىرىمدا ئۇقچۇۋاتقان ساپ قاندىكى كۈچلۈك ھارارەت يۈزۈمگە تەپكەن بولسا كېرەك، ئىككى مەڭزىم قىزىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتىمەن.

ئاھ، قىزىللىق! سەن نېمىلەرگە ھۆسن بەرمىگەن؟ ئەجدادلارنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدىكى ھەربىر ئاچاللىرىدا ئەۋلادلار ئۈچۈن قالدۇرغان مەڭگۈلۈك يول باشلىغۇچى ھېسابلانغان ماياكتا ئەنە شۇ قىزىللىق!

ھاردۇق يەتكەن سەپەرنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە سەپەرداشلار بىلەن گۈلخان ئەتراپىدا ھالقا تۈزۈپ ئولتۇرۇپ، يىراق ئۆتمۈشنىڭ مۇڭغا تولغان ئاچچىق ئەسلىمىلىرىگە سەمە بولغاندا، كىشىنى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىغا چاقماق كەبى ئېتىلىشكە ئۈندەپ قاراڭغۇلۇقنى يالماۋاتقان گۈلخاننىڭ ئۆتكۈر تىغىدەك تىللىرىدا ئەنە شۇ قىزىللىق! ۋىسال ئىشقىدا بىگانە بولغان جۈپ ئاشىقنىڭ تىنىمسىز تېپچەكلەۋاتقان قىپقىزىل يۈرىكى، ئاشۇ يۈرەكتە ئادىمىلىك خىسلەتنى نابۇت قىلغۇچى ئاسارەتكە جاسارەت، قاباھەتكە نەشتەر بولغۇچى قىپقىزىل قان، ئۇ ئەنە شۇ قىزىللىقتىن رەڭ ئالغان!

شۇ مىنۇتتا ئۇتتەك قىزىۋاتقان تېنىمنىڭ ئاشۇ قىزىللىقتىن رەڭ ئالغانلىقىغىمۇ قىلچە شۈبھى قىلمايمەن!

خۇدا بەرپا قىلغان جىلۋىنىڭ ھەممىسى گويا ئۇنىڭ بەستىگە

بەرقارار بولغاندەك، تىنچسىز يۈرىكىم ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چېھرىدىن ئۆزگە لەززەت ئىزدەيتتى. مەن ئۇنىڭغا ئوخچۇپ تۇرغان مېھرىم بىلەن تىكىلدىم. ئۇ ئۆز قىسمەتلىرىنىڭ سىرلىرىنى ماڭا ئىزهار قىلماقچى بولغاندەك، تەبەسسۇم بىلەن باقاتتى. مەن ئۇنىڭ جۇلالاپ تۇرغان بېشىدىن تېخى تۇرمۇشنىڭ كىر - چاڭلىرى قونمىغان سەبىينىڭ پاك كۆڭلىدەك ئاقلىقنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇنىڭدا جۇشقۇن ھاياتنىڭ كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان تىراگېدىيەسىنى ئىزهار قىلغۇچى سىمفونىيە پۈتۈلگەندەك ئىدى. ئۇ دەم قىزىللىقتا قوشۇلۇپ ۋۇجۇدۇمغا كۆچسە، دەم يۈرىكىمنى ئۈزۈلمەس رىشتىگە مەھكەم باغلاپ، ئۆزگە زاھىر قىسمەتلەرنىڭ سىرىنى بىلىشكە يېتەكلەيتتى. شۇ تاپتا ۋۇجۇدۇم ئاشۇ ئاقلىق بېتىدە ئاشكارا بولغان قىزىللىق مەنبەسىگە پۈتۈنلەي سىڭىشىپ كەتتى.

............

پاھ، ھىجران تۈپەيلى ئارمان بىلەن كەتكەن جۈپ ئاشىقنىڭ بۇرۇقتۇرما قاپلىغان زامانىنىڭ ئەقىدە چەمبىرىكىدە قىسىلغان جۈپ تېنى ۋىسال شادلىقىدا ئەس - ھوشىنى يوقاتقانمىكىن - تاڭ، قەلبىدە مەۋج ئۇرغان ئىشق كۈيىنى راۋابىنىڭ شوخ تارلىرىدا جەۋلان قىلىشقا ئادەتلەنگەن چېۋەر قول مامۇق سۈپەت ئاپپاق بەدەنىنىڭ ئۈستىگە يېيىلغان قۇندۇزدەك قارا چاچلار ئۈستىدە ئىدى. بەلكىم ئۇ تىل بىلەن ئىزهار قىلىشقا

پېتىنالمىغان يۇرەك سۆزلىرىنى راۋابنىڭ زىل تارلىرىغا ئوخشاتقان تال ـ تال سۇمبۇل چاچلارنى يەڭگىل تەۋرىتىش بىلەن بىلدۇرگەن بولۇشى مۇمكىن، ئاشىقنىڭ لېۋىدە تەبەسسۇم، چېھرىدە قىزىللىق تەپچىپ تۇراتتى.

شاھانە تويىنىڭ ھاردۇقى يەتكەن جۇپ ئاشىقنىڭ شېرىن سۆھبەتلىرىگە دەخلى يەتكۈزۈشنى ئۆزۈم ئۈچۈن چوڭ ھاياسىزلىق دەپ بىلدىم ـ دە، دەرھال ئۆزۈمگە ياندىم. جىسمىدىن تارتىپ تاكى ۋۇجۇدىغىچە پۈتۈنلەي قىزىللىقتىن رەڭ ئالغان بۇ ئاددىي گىياھنىڭ ئەرك ئۈچۈن يەڭ تۈرگەن ئەزىمەتنىڭ جاھالەتكە قارشى كېرىلگەن مەردانە كۆكرىكىدەك مەغرۇر تۇرغان قىياپىتى مەڭگۈلۈك ماكان قىلغان غەيۇر جاسارىتى ۋۇجۇدۇمغا كۈچ قوشقاندەك بولدى. كۆڭلۈم ئۇنىڭدا جۇلالاپ تۇرغان قىزىللىقنىڭ ئىنسانىي سۆيگۈ ئۈچۈن ۋۇجۇدىنى قۇربان قىلغان جۇپ ئاشىقنىڭ غۇبارسىز قەلبىدە يېلىنجىغان پاك سۆيگۈنىڭ ئىزھارى ئىكەنلىكىگە شەكسىز تەستىق سالدى. ئۇنىڭدىكى ئاقلىق بېتىدە ئېنىق كۆرۈنگەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان سىمفونىيەنىڭ زوۋانسىز تىللىرىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئۇنىڭدىن ئۇچمۇئۇچ قەلبىمگە ئېقىپ كىرىۋاتقان ۋاپا، نومۇس، سەممىيەت ۋە سۆيگۈ تۇيغۇلىرى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىپ، تەپەككۇرۇمنى قاناتلاندۇرماقتا ئىدى. ئۇ يىراق ئۆتمۈشنىڭ قاباھەت تۇمانلىرى ئىچىدە چىن ئىنسانىي ۋىجدان ئۈچۈن

كۆرەشكەن جۇپ ئاشىقنىڭ كۆيلىرىگە قېتىلىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا زېھنىم بىلەن بېرىلدىم. ئۇنىڭدىكى قان رەڭلىك قىزىللىق، ئۇنىڭدىكى ئانىنىڭ ھالال سۈتىدەك ئاقلىق ۋە ئۇلارغا بىرىككەن ساپ سۆيگۈ سىمفونىيەسى ھاياتلىق كۆيگە بىرىكىپ، كۆز ئالدىمدا بىر ـ بىرلەپ زاھىر بولۇشقا باشلىدى.

## قانداق بىلدىڭىز ؟

پايانسىز كەتكەن قۇمساڭغۇ زېمىننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ ئۆتكەن بۇ ئەزىم دەريانىڭ بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ ئېقىۋاتقان دولقۇنلىرى شىددەت بىلەن قىنىغا ئۇرۇلغاندا ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆزىمۇ بىلمىگەن بىر خىل ھاياجان ئىلكىدە تىنىمسىز تېپىچەكلەيتتى. ئەتراپ جىمجىت. ئۇنىڭ كۆزلىرى دەريا دولقۇنلىرىدىن ئاشىقنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆركەشلەۋاتقان سۆيگۈ ئېقىنىنى ئىزدەۋاتامدىكىن ـ تاڭ، ئويناپ تۇراتتى. ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قارىدى. ئىككى قاشنى سۆيۈپ بىر خىل رىتىمدا ئېقىۋاتقان دەريانىڭ قاسناقلىرىدىكى سۆگەتلەرنىڭ ئەۋرىشىم نوتىلىرى سۇ يۈزىنى سۆيۈپ نازىنىپ تىترەپ تۇراتتى. ئۇ نۇقتىدىن كۆزىنى ئۈزدى ـ دە، ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. تولۇن ئاينىڭ سۈتتەك مېھرىگە چۆمۈلگەن ئېكىنزار زېمىن. باشاق تارتىپ تاختا بولغان بۇغدايلار مەيىن

شامالدا يەڭگىل چايقىلىپ كىشى كۆڭلىگە باشقىچە سۆيگۈ بېغىشلايتتى.

ئۇ كۆكسىنى تولدۇرۇپ بىر نەپەس ئالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، تېخى باشقىچە يەڭگىللەپ قالغاندەك ئىدى.ئۇ بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ سۇ باشلاپ قويغان بوغداي ئېتىزلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە كەتمىنىنى دولىسىغا سالغان پېتى ئېتىز قىرلىرىنى ئالدىرىماي بىر قۇر ئايلىنىپ چىقتى. بوغدايلارنىڭ ئاخىرقى دان سۈيى ئېتىز قىرلىرىدىن سەمىگەندەك تولغانىدى. ئۇ كۆڭلىدە بىرئاز قانائەت ھاسىل قىلغاندەك بولدى ۋە ئېچىقلارنى پۇختىلاپ ئېتىپ، قېرى ئۇجمىنىڭ شېخىغا ئىلىقلىق راۋابنى ئاۋايلاپ ئالغىنىچە تەڭكەش قىلىپ ناخشا توۋلىغان پېتى مەھەللە تەرەپكە يول ئالدى.

*راۋاب چالىمەن ئۆزۈم،*
*يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.*

ناخشىنىڭ يۈرەكنىڭ قانداق يەرلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نېمىلەرگە مەنە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ يورۇق دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان بوۋاقنىڭ چىڭراق ئاۋازىنى يىغىمىكىن دېمەڭ. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھرىنى ئىشق ـ مۇھەببەت تەڭ يېلىنجىغان جۇپ ۋۇجۇدىدا مېھرىنى ئوخشاشلا

ئويغىتىدىغان سۆيگۈ ناخشىسى! ئۇ سەبىينىڭ مۇھەببەتكە تەشنا قەلب سۆزى!

ئۆسمۈرلۈكنىڭ بىغەم چاغلىرىدا كوچا ـ كويلاردىن ئاڭلانغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان ناخشىلارنىڭ مەنىسىگە ئېنىقلىما ئىزدىمەيلا جۆر بولغان ۋاقىتلىرىڭىزمۇ بولغانىدى ـ ھە؟! ھېس قىلدىڭىزمىكىن، ئۇنىڭ ئېنىقلىمىسى قەلبىڭىزنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدىن قوزغالغان جور بولۇش ئىستىكىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئېچىللىق ئۇنىڭ تۈپلۈكى ئىدى.

ياشلىقنىڭ ھەۋەس ئۇچقۇنلىرى قەلبىڭىزگە تۇتاشقاندا، ئۇنىڭدىكى روھىي جۇشقۇنلۇق، كۆتۈرەڭگۈلۈك ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ۋە ھەۋەسنىڭ مەنىسىگە ئىزاھاتسىز چۈشەنچە بېرەلەيدىغان جاراڭلىق ناخشىلارنىڭ ئېتىلىپ چىققانلىقىنى ھېس قىلىسىز. ئېنىقكى، ئۇ «مۇھەببەت» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەقىقىي مەنىسى قەلب زېمىنىنىڭ يىلتىز تارتىپ ئىنسانىي بىرلىكنىڭ تۇزۇماس گۈللىرىنى ئېچىلدۇرغان ۋاپادار ئاشىقنىڭ مەشۇقىغا يوللىغان قەلب ئىزھارى، ۋىسالغا ئىنتىلىشى، سۆيگۈسى ۋە ئۆمۈرلۈككە ۋاپادارلىقىنى قۇرداش قىلغان قەسەمنامىسى! بۇنداق ناخشىلار ئىنسان ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ، تومۇرلاردا ھېسسىيات دولقۇنى ھاسىل قىلىدۇ. ئاي تولغان ئايدىڭ كېچىلەردە تەبىئەتنى ئىختىيارسىز ئويغىتىپ، گىياھلارنىڭ شەبنەم قونغان ياپراقلىرىنى يەڭگىل سۆيۈپ

ئۈتۈپ، تولۇن ئاينىڭ گۈزەل رۇخسارى ئاتا قىلغان شېرىن ھېسلار بىلەن مەستخۇش بولغان مەشۇقىنىڭ گۈزەل ئارزۇلىرىغا مەدەتكار بولىدۇ. شۇنداق ناخشىلارمۇ باركى، ئۇ ھېسسىياتنى قاناتلاندۇرۇپ، تۇيغۇغا كۈچ، ھاياتقا مەنە بېغىشلاشقا ئۈندەيدۇ!

ئاھ، تەشنا قەلبنى قاندۇرغان كەۋسەردەك، ئەجەبمۇ يېقىملىق ناخشا ـ ھە، بۇ! ئۇلۇغ مۇھەببەت يېلىنجىغان ئوتلۇق يۈرەكتىن مانا مۇشۇنداق يېقىملىق، مانا مۇشۇنداق سۈزۈك ۋە جاراڭلىق ناخشىلار ئېتىلىپ چىقىدىكەندە! ئۇنىڭ ئاشۇ ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن يۇغۇرۇلغان ساپ مۇھەببىتى ھەرگىزمۇ پەقەت بىرلا نەرسە ئۈچۈن قويۇلغان مۇھەببەت ئەمەس! ئۇنىڭ مۇھەببىتى تۇرمۇشقا، كەلگۈسىگە ۋە ئۈزىنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن ۋە چوڭ قىلغان مۇقەددەس ۋەتەنگە باغلانغان مۇھەببەت! زەرگەر ئالتۇن تاۋلىغاندەك، ئىشقىنى مېھنەت بوستىنىغا سېلىپ ئۇنى ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يانغان مۇھەببەت! مۇشۇنداق مۇھەببەتلا ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئەنە شۇنداق جاراڭلىق ناخشىلارنى ساقلىيالىغان. ئۇ پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر باشقىچە بولغىنىدا ياكى يۈرىكىدە ئەنە شۇ بىرلا مۇھەببەت يالقۇنى لاۋۇلدىمىسا، ئاھاڭلىرى ھەرقانچە يېقىملىق بولغىنى بىلەن كىشىنى شۇنچە مەھلىيا قىلالامدۇ؟

ئۇنىڭ يۈرەك بېغىشىنى تىترىتىپ چىقىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشىسى ئاپپاق ئاي نۇرىغا چۆمگەن مۇنبەت زېمىن ئۈستىدە

يېيىلىپ، دەريانىڭ يەڭگىل شاۋقۇن ئاۋازىغا قوشۇلغىنىچە يىراق ـ يىراقلارغا ئۇچماقتا، كوكاتلارنى يەڭگىل تەۋرىتىپ ئۆتۈپ، ئاستا ـ ئاستا زېمىنغا سىڭمەكتە ۋە يەنە يېڭىدىن باشلىنىپ پۈتكۈل كائىناتنى ئويغاتماقتا. بۇ زىل ئاۋاز، بۇ يالقۇنلۇق ناخشا نۇرغۇن جانلىقلارغا ئانا قارنى ئۇيقۇنى بەخش قىلغان بولسىمۇ، پەقەت بىرلا سەگەك، ھېسسىياتنى چۈشەنگەن تۇيغۇن قەلبنىڭ دىل تارىغا زەخمەك بولۇپ ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ يۈرەك رىتىمىنى تېزلەتمەكتە ئىدى.

ئۇ ياستۇقتىن بېشىنى ئاستا كۆتۈردى. شۇ دەمدە ئۇنىڭ يىپەك كۆڭلىكىنىڭ ئاستىدا ئەپچىلگىنە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يۇمران كۆكسى تال باراڭلىرى ئاراشلىرىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن ئاي نۇرىغا توغرىلانغانىدى. ئۇ قىزلىق ھاياسىدىنمۇ ياكى ناخشا ئاتا قىلغان شېرىن ھېسلاردىنمۇ، تاتلىققىنە بىر كۈلگىنىچە ئىككى بىلىكى بىلەن كۆكسىنى مەھكەم يېپىۋالدى ـ دە، يوتقانىنى ئۇستۇنرەك تارتتى. ناخشا ئاۋازى بارا ـ بارا يېقىنلىماقتا ئىدى؛

*ئاخشىمى ـ سەھەرلەردە*
*يالغۇز يۈرىمەن ئۆزۈم.*

شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن كائىناتنىڭ تىنىق ھاۋاسىنى يېرىپ

ئۆتۈپ، ۋۇجۇدىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدە تاتلىق سۆيگۈنىڭ ئۇچقۇنلىرىنى يالىلداتقان بۇ ناخشا مانا مۇشۇنداق پەيتتە كۆكسىگە تولغان بارلىق گەپ ـ سۆزلىرىنى، ئېيتىشقا پېتىنالمىغان ئارزۇلىرىنى، ئاغزى يوشۇرسىمۇ كۆزى ئاشكارىلاپ تۇرۇۋاتقان سىرلىرىنى بىر يولىلا ئىزھار قىلىۋاتقان ئاشۇ ناخشىچىنىڭ قەلبىدىكى بارلىق گەپ ـ سۆزلىرىنى ئىزاھاتسىز چۈشەندۈرمەكتە ئىدى. ئۇ ئاشۇ ناخشا ئارقىلىق ئۇنىڭ بارلىق ئىچكى تۇيغۇسىنى، تۇيغۇغا زىچ بىرىككەن ھەرىكەتلىرىنى بىلىپ يەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى چەكسىز سامادا ئەركىن پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. ئۇ گاھ ئۇچۇپ يىراق كەلگۈسىنىڭ شېرىن كۈنلىرىنى كۆز ئالدىدا زاھىر قىلسا، گاھ بۇنىڭدىن ئانچە ئۇزۇن بولمىغان كۈنلىرىنى ئەسكە سالاتتى. ئەنە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قەلبىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىغا ساپ ئىشقىنىڭ تۇنجى ئۇرۇقى چېچىلغان مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈنى زاھىر بولدى.

*　　*　　*

بۇ يۇرتقا باھار كېچىكىپ كەلگەن بىلەن بارلىق زەل ـ زىرائەت ۋە گۈل ـ گىياھلار خۇددى كېلىشىپ قويغاندەك، بىر سەھەردىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، زېمىن ئۈستى خۇددى يېشىل تاۋار ياپقاندەك جۇلالىنىپ كېتىدۇ. دەريادا ئېگىز ـ پەس، قىر ـ

دالالاردا قوزىلار ۋە ياۋا توشقانلار مەرىشىپ، سەكرىشىپ ئۇچار قاناتلار باھارنى تەنتەنە قىلغاندەك ۋىچىرلىشىپ سايرىشىپ كېتىدۇ. بۇ، بۇ يۇرتنىڭ باشقا يۇرتلاردىن پەرقلىنىدىغان باش مەۋسۇمدىكى ئالاھىدە بەلگىسى ئىدى. زېمىن باھار تونىدىن زىننەتلەنگەن، ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رەڭگارەڭ گۈل ـ چېچەكلىرى بۇ دىيارغا باشقىچە ھۆسن بېغىشلىغان، ئادەملەرنىڭ قەلبى كۆلگۈن باھارنىڭ لەززىتىدىن شادلىققا چۆمگەن كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كېپىنەك قوغلاپ گۈللىگەن بېدىلىككە بېرىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەس ـ يادى تەڭگە گۈللۈك قىزىل كېپىنەكتە ئايان بولغان گۈزەللىككە باغلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى قەلب زېمىنغا ئېقىپ كىرىۋاتقان يېقىملىق بىر تۇيغۇ ئۇنىڭغا زاھىر گۈزەللىكنىڭ مەنبەسىنى چۈشىنىشكە يېتەكلەيتتى. ئۇ گۈزەللىككە ئاشنا ئىدى. چۈنكى، ئۇ گۈزەللىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. گۈزەل نەرسىلەردىن گۈزەل تۇيغۇلارنىڭ، گۈزەل ئارزۇلارنىڭ ۋە گۈزەل بىرلىكنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. گۈزەللىك ئۇنىڭغا مەھلىيا ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى چۈشەنگەن ئىنسانغا خۇدا بەرپا قىلغان بارلىق ئاشىندارچىلىقنىڭ سىرلىرىنى بىلدۈرۈشكە، ئۇنىڭدىكى لەززەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئاياۋسىز ھەدىيە قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى. بىراق، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ئادەت يىلىنىش، تەمە قىلىش ۋە خىيال قىلىش ئارقىلىق لەززەت ھېس

قىلىشتىن پۈتۈنلەي مۇستەسنا بولۇپ، چۈشىنىش، ئىنتىلىش ۋە مېھنەت ئارقىلىق ھاسىل بولۇشىنى ئۆزىنىڭ تۈلىكى قىلغانىدى.

كېپىنەك ئاربىلاپ گۈلدىن ـ گۈلگە قوناتتى، ئۇ قىرلارنى ئاتلاپ ئۇنىڭغا ئىنتىلەتتى. ئۇنىڭدا سۆيگۈ، بۇنىڭدا سۆيگۈگە ئېچىل كۆيگۈ. بىرى ھاياتقا گۈزەل مەنە بەخش ئەتسە، بىرى ئاشۇ گۈزەللىكنى مەنۋىيىتىنىڭ ئېسىل زۇنىارى قىلىشنى ئويلايتتى.

ئەنە، ئۇ ئاستا، تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن ئۆز سۆيگىنىنى ئىلكىگە ئالغان كېپىنەكنىڭ قاناتلىرىغا ئۇمىد بىلەن قول ئۇزاتتى. لېكىن، گۈزەللىككە ئىنتىلگەن گۈزەل رۇخسارنى پىنھان كۆزىتىۋاتقان يەنە بىر تەشنا قەلبنىڭ جۇپ قولى ئۇنىڭ ئاھۇ كۆزلىرىنى ئارقا تەرەپتىن كېلىپ يەڭگىللىغىنا تۇتۇۋالدى. نازغىپ تۇرغان ئەۋرىشىم بەدەندە يا كۇلۇشنىڭ، يا بولمىسا يىغلاشنىڭ تۇيغۇلىرى زاھىر بولمىغان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بىر جۈپ قولدىن تارىغان تەسىراتى ئېنىق بىر تۇيغۇ چەشمە ئېقىنىنى بويلاپ ئۇنىڭ قەلب تارىنى چېكىشكە ئۈلگۈرگەنىدى.

پاھ، گۈزەل قەلبتىن ھامان گۈزەل تەسىرات نامايان! تۇيغۇن يۈرەك جۈپ قول ئاتا قىلغان ھېسسىياتتىن ئۇنىڭ جامالىنى ئېنىق ئەسلىگەنىدى.

— سەئىدىن ئاكام!

خۇددى كۈمۈش قوڭغۇراقتىن چىققان زىل ساداغا ئوخشاش يېقىملىق بىر ئاۋاز سەئىدىنىڭ بەدەنلىرىنى شۈررىدە قىلدى. ئۇ قوللىرىنى گۈزەلنىڭ كۆزلىرىدىن ئاجراتتى.

— قانداق بىلدىڭىز سىڭلىم؟

ئۇ جاۋاب ئورنىغا ئالمىدەك قىزارغان مەڭزىلىرىگە يېيىلغان سۇمبۇل چاچلىرىنى قايرىپ پىسسىڭىدە كۈلدى ـ دە، سەئىدىندىن كۆزىنى ئۈزۈپ كېپىنەككە قارىدى. بۇ كۈلكە سەئىدىنىڭ پۈتكۈل روخسارىدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇشەنگەنلىكىنىڭ، پۈتكۈل ھەرىكەت ۋە سۆزلىرىدىن كىچىككىنە يۈرىكىگە ئۇنىڭ خۇش پىچىم ئوبرازىنى نەقىش قىلىپ ئويۇۋالغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

— قارىسىلا، نە ـ نەلەردىن قوغلاپ كەلسەم قاچۇرۇۋەتتىلە؟!

— ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئۆزىگە خاس گۈزەل ھەرىكەت يانداشقان ئىدى.

— ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل بىر نەرسىنى سىزگە ئاتاپ ساقلاپ يۈرگىنىمگە نەۋاخ.

— نېمە ئۇ؟ — ئۇ ئىنتىزارلىق بىلەن تىكىلدى.

— ئاۋۋال نېمىلىكىنى دەپ بېرىڭ. ئاندىن ...

— كۆرمىگەن نەرسىنى ئالدىن بىلىدىغان خىزىر بولمىسام مەن.

ئۇ ئەۋرىشىم بەدەنلىرىنى قىزلارغا خاس خۇلق بىلەن تولغىغىنىچە سەئىدىنگە قارىدى. سەئىدىن تولىمۇ ئىللىق تۈيغۇ بىلەن ئۇنىڭغا:

— ئۇنداق بولسا، مېنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سوئال قويدى.

ئۇنىڭ چېھرىگە ۋىلىلىدە قىزىللىق يۈگۈردى - دە، تاتىنىپقىنا يەرگە قارىدى.

— بەرمىسلىرى... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

سەئىدىن ئاخىرىدا قانداق سۆزنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. دېگەندەك، ئۇمۇ ئېغىزىدىن چىقارمىدى. سەئىدىن قەستەن سورىدى؛

— كېتىسىز؟!

ئۇ يەردىن كۆزىنى ئۈزدى - دە، سەئىدىنگە لاپپىدە بىر قارىغىنىچە يەنە يەرگە قارىۋالدى.

ئاھ، كىممۇ ئاشىقلىق ھاياتىدا مۇنداق مىنۇتلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن؟ كىممۇ مانا مۇشۇنداق مىنۇتلاردا كۆز ئالدىدىكى تېخى دۇنيانىڭ ھېچقانداق سىرلىرىنى بىلمەي يەتمىگەن بىر سەبىينىڭ ھەربىر ھەرىكەتلىرىدە روشەن ئىپادىسىنى كۆرسىتىۋاتقان ئەڭ مۇرەككەپ ئىچكى پىسخىكىسىنى زېرەكلىك بىلەن چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بېرىۋاتقان تۈيغۇلىرىدىن

لەززەتلەنمىگەن؟ پۈتكۈل ۋۇجۇدى گويا سىمابتەك شۇررىدە ئېرىپ ھاياتلىق ئاچاللىرىدا ئۆزىنى تەقدىم ئېتىشكە تەييار تۇرغان ئاشۇنىڭغا بارلىقىنى تەقدىم ئېتىشكە تەييار بولمىغان؟ ئالتۇن قوڭغۇراقنى بىر ـ بىرىگە يەڭگىل ئۇرغاندا ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نەرسىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايدىغان ناھايىتى زىل ۋە ناھايىتى يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ . ئالتۇن قوڭغۇراقتىن تارىغان ئاشۇ يېقىملىق سادا پەقەت بىرلىكنىڭ، ساپلىقنىڭ ۋە ھەقىقىيلىقنىڭ مەنىسى بولالايدۇ، ئىشەنمىسىڭىز، ئاشۇ ئالتۇن قوڭغۇراقنى ئۇرۇپ بېقىڭ! ئاۋازى ئوخشامدىكەن؟

سەئىدىن يانچۇقىدىن بىر تۇگۈنچەكنى ئېلىپ ئاۋايلاپ ئاچتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ جۇپ ئالىقىنىدا بىر جۇپ ئۈزۈك ۋاللىداپ تۇراتتى. سەئىدىن ئۇنى مىسقاللاپ يىغقان پۇللىرىغا بازاردىن سېتىۋالغان بولۇپ، ئۆزۈندىن بىرى ئۇنىڭغا ئاتاپ يېنىدا ساقلاپ يۈرگەنىدى. ئۇ سەئىدىننىڭ ئاددىي ۋۇجۇدىدىكى تەڭداشسىز مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ، باھاسىز سۆيگۈنىڭ ئىزھارى ئىدى.

ــ قوبۇل قىلامسىز؟

ئۇ سەئىدىنگە قارىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئايلىنىۋاتقان قىزىق ھارارەت ئۇنى ئۆزلۈكسىز تىترەتمەكتە ئىدى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلمەيلا تۇرۇپ قالدى. سەئىدىن ئۈزۈكنى ئاۋايلىغىنىچە ئۇنىڭ بارماقلىرىغا سېلىپ قويدى. ئۇ نازۇك قوللىرىغا ياراشقان بىر جۈپ ئۈزۈككە چوڭقۇر مېھىر بىلەن

تىكىلدى. ئۇزۇكتىن يانغان گىرىمسەن نۇر ئۇنىڭ ئاپپاق يۈزىدىن يانغان گىرىمسەن نۇرغا قوشۇلۇپ ئاجايىپ سىۋىتىلەنمەكتە ئىدى. مىنۇتلۇق جىملىقتىكى ئۆزئارا كۆز ئۇچرىشىشلار ھەر ئىككى قەلبتە قانداق گۈزەل ئارزۇلارنىڭ زاھىر ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرگەندى. ئۇلار بۇ سۈكۈتنىڭ پاتراق بۇزۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىسىمۇ، لېكىن بىرى ئالدىن بۇزۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. دەل شۇ پەيتتە سەئدىنىڭ بېشىدىن بىر بۆدۈنە پۈررىدە ئۇچۇپ كەتتى. ھەر ئىككىيلەن بۆدۈنىنىڭ ئۈۋىسىغا قايتتى، گۈللىگەن بولۇق بېدىلىكنىڭ پىنھان يېرىدە بۆدۈنىنىڭ ئىككى جۈپ سەبىي چۈجىسى تۈگۈلۈشكىنىچە ياتاتتى. توۋا، خۇدا تەبىئەتنى گۈزەل قەلبلەرنىڭ ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلغانمىكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى يۇمران چۈجىلەرنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتتى ـ دە، سەئدىنىڭمۇ قارىماي چۈجىلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن ئىنتىلدى. چۈجىلەر ئۇنى كۆرۈپ ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئالتۇندەك سارغىيىپ ماموۇق تۈكلىرى قۇياش نۇرىدا ۋالىلداپ تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەندى. سەئدىنىمۇ ئۇنىڭغا بولۇشۇپ، بېدىلىكنى ئارىلاشقا باشلىدى، لېكىن شوخ بۆدۈنە باللىرى ئۇلارغا ئاسان بوي بەرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە قوغلاشتى. بۆدۈنە باللىرى بىردەم ئۇيانغا قاچسا، بىردەم بۇيانغا قېچىپ، ئۇلارنى خېلىلا چارچاتقانىدى. لېكىن،

سەئدىن بىلەن قىز ئۇلارغا يېپىشقىنى يېپىشقانىدى. بىردەمدىن كېيىن قىز چوجىلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ دېدى:

ــ قايسىمىز بۇرۇن تۇتساق سۆيۈنچە بار بولسۇن.

ــ راست ھە!؟

ــ يېڭىۋېلىشقا يوق!

ئۇلار تېخىمۇ ئىشتىياق بىلەن بېرىلىشتى. كەڭرى بېدىلىك خېلىلا قالايمىقانلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۆدۈنە بالىلىرى زادىلا بويۇن بەرمىدى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قىزنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ سەئدىن ئاكا، مانا مەن تۇتتۇم. تېز!

سەئدىن ئۇنىڭ يېنىغا ئوقتەك يېتىپ باردى. ئۇ نېپىز شايى ياغلىقى بىلەن بىر نەرسىنى باسۇرۇۋالغانىدى. سەئدىن كېلىشى بىلەن ئۇ ئاستاغىنە ياغلىقنى ئاچتى. لېكىن، بۆدۈنە بالىسى شوخلۇق بىلەن يەنە قاچتى. لېكىن، ئۇلارمۇ بوش كەلمەي، بۆدۈنە بالىسىنى ھالقىغا ئېلىپ قورشىۋالدى. سەئدىن كاپىلا قېلىپ ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى. قىزمۇ چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭغا ياندىشتى ـ دە، سەئدىننىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قولىنى قويدى. قىزنىق ھارارەت قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرەككە تۇتاشماقتا ئىدى، سالقىن شامالدا يەڭگىل چايقىلىۋاتقان بېدىلىك ئۇلارنى پۈتۈنلەي قوينىغا ئالغانىدى. بىردەمدىن كېيىن مەھەللە تەرەپتىن بىر

ئايالنىڭ قىزىنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بۇرابىيەم!

رابىيەم يۈزىگە يېيىلغان چاچلىرىنى تۈزىدى ـ دە، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى. قۇياش نۇرىدا ئۇنىڭ مەڭزىلىرى ئالۇچىدەك نۇرلانغانىدى. سەئدىن ئۇنىڭغا بىر خىل خىجىللىق بىلەن قارىدى ۋە:

— سۆيۈم... — دېگىنىچە سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمايلا قىزىرىپ كەتتى.

رابىيە ئۆيىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقى بىلەن ئەسيادى بېدىلىكتە قالغانلىقى، قەلبىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدە ئۆزىمۇ ئېنىق ھېس قىلالمىغان يا خۇشاللىقتا ياكى بولمىسا خاپىلىقتا ياتمايدىغان بىر تۇيغۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بۇ تۇيغۇنىڭ ئۇنىڭ كېيىنكى گۈزەل ئارزۇ، ئىزگۇ تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ، مۇستەھكەم ئىرادە، غەيۇرلۇق ۋە مەردلىك مانا مۇشۇ تۇيغۇدىن ھاسىل بولغانىدى.

* * *

قىزلىق ھۆسنى كۈندىن ـ كۈندىن تولۇپ، چېھرى تولۇن ئايدەك نۇرلىنىۋاتقان مۇشۇ ۋاقىتلاردا رۇخسارىغا تىكىلگەن

ئاللىقانداق كۆزلەرنىڭ ئەلەڭ ـ سەلەڭ بېقىشلىرىدىن ئۆزىگە كېلىدىغان بىر شۇملۇقنىڭ بەلگىسىنى سەزگەن رابىيە ئۆزىنى پىنھانغا ئېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. دىدارلىشىش پات ـ پات نېسىپ بولىسىمۇ، شۇ تۇپەيلى تۇيغۇنى ئىزھار قىلىشقا پەقەتلا مۇمكىنچىلىك بولمايۋاتقان بۇ ۋاقىتلار ئۇلارنىڭ بىرسىگە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىش، بىرسىگە ئاخشىمى سەھەرلەردە ئۇيقۇنى بىدار قىلىپ جۇپ قەلبكە ئورتاق سۆيگۈنى ناخشىغا تەڭكەش قىلىنغان راۋابنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرىگە قېتىپ ئىزھار قىلىش ئىشقىنى ھەدىيە قىلغانىدى.

راۋابنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇڭلۇق ئاۋازى رابىيەنىڭ تىنىقلىرىغا قېتىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدا سەئدىنىنىڭ خېلى ئۇزۇنغىچە تۇرغانلىقىنى ۋە كېيىن كېتىپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاستا سىرتقا چىقماقچى بولدى ـ يۇ، يەنە نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، چوڭقۇر بىر تىنىدى. ئۇ مۇنداق مىنۇتلارنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىشىنى ئويلاپمۇ يېتەلمەيتتى.

ۋاقىتنىڭ قايسى سورئەتتە ئۆتۈۋاتقانلىقى ئۇنىڭ تىنىقلىرى ئارقىلىق ئۆزىگە مەلۇم ئىدى. كۈمۈش ناۋاتتەك نۇرلىنىپ تۇرغان ئاي ۋە ساناقسىز يۇلتۇزلار بىلەن سىۋىتلەنگەن غۇبارسىز ئاسمان ئۇنىڭ بارلىق پىكىر ـ خىيالىنى مەيلىگە ئالغانىدى. ئۇ گويا ئۆزىنى بەخت يۇلتۇزىنى تاپماقچى بولغاندەك نۇرلۇق كۆزىنى

يۇلتۇزلار توپىغا تىكەتتى. تولىمۇ يارقىن ياز كېچىسىنىڭ بۇ ئاخشىمى ئۇنىڭ نەپسىنى سېھىرلىگەندەك بولۇپ، ئۆزىنى نە باش ــ ئاخىرى يوق چىگىش خىياللارغىچە غەرق بولغاندەك ھېس قىلاتتى. ئاشۇ يۇلتۇزلار توپىدىن گويا بىرسىنى ئۆز يۇلتۇزى دەپ پەرەز قىلغاندا بولسا، شۇنىڭغا مۇناسىپ يەنە بىرسىنى ئىزدەشكە تىرىشاتتى. ئۇنى بىر يەرگە ئەكىلىپ جۈپلىگەندە بولسا، ئۇنىڭدىن يانغان نۇر بىلەن كۆڭلى ـ كۆكسى قەۋەتلا يورۇغاندەك بولاتتى... دەم ئاشۇ يۇلتۇزلار خۇددى ئۆزىگە قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك، گويا نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ ئىما ــ ئىشارەت قىلىۋاتقاندەك، گاھىدا خۇددى مۆكىمۆكىلەڭ ئويناشقان شوخ بالىلار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ يۈرگەندەك كۆرۈنەتتى. غۇبارسىز سۈزۈك ئاسمان بېتىدە باھار چېچەكلىرىدەك يالتىراپ تۇرغان يۇلتۇزلار كۆزنى چاقنىتىپ، تۇيغۇلارنى غىدىقلاپ تەسەۋۋۇرنى قاناتلاندۇرۇپ ئۆزىنى قانداقتۇر سىرلىق بىر دۇنياغا باشلاپ كىرگەندەك ھېس قىلاتتى.

ئۇ شۇ خىياللاردا پەردىسى قايرىلغان دەرپەرلىك دېرىزىدىن ئۇزاققىچە ئاسمانغا تىكىلىپ قاراپ ياتتى. پاھ، جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار توپىدا نۇرلۇقلۇقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان چولپان كىمنىڭمۇ مەيلىنى ئۆزىگە تارتمىسۇن؟ كىمنىڭمۇ مەستلىكىنى كەلتۈرمىسۇن؟ رابىيە ئۇنى ئۆز ئەركى بىلەن سېلىشتۇردىمۇ ـ قانداق، ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى:

چولپانمۇ ئەسلىدە گۈزەل بىر مەلىكە ئىكەن. خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئاسمانغا چىقىپ كېتىشىگە نېمىلەر سەۋەب بولغان؟ مەقسىتى نېمە بولغىيىتى؟ زامانىنىڭ سىنىقى ئۇچۇنمۇ ياكى گۈزەل رۇخسارىدىن پۈتكۈل ئالەمگە نۇر بېرىشنى ئويلىغانلىقىدىنمۇ؟ ئەگەر زامانىنىڭ سىنىقى ئۇچۇن بولغىنىدا خۇدامۇ بۇ زاماندىكى بەندىلىرىنىڭ نالىسىنى بىر قېتىم ئاڭلىسا ئىدى ـ ھە؟!

يېقىنلا بىر يەردىن مەزىنىنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. رابىيە ئۆزىگە ياندى.

## جۇپ مېغىز ئۇ ـــ جۇپ يۈرەك

ئۇنىڭ تېنىنى تىترىتىپ ۋۇجۇدىدا غەليان كۆتۈرگىنى ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە يەر بىلەن يەكسان قىلىپ مەنۋىيىتىنى مەڭگۈلۈك يەرگە ئۇرۇپ قېقىۋېتىدىغان شەھۋانىي نەپسىنىڭ غالىب كۈچىمۇ ئەمەس ۋە ياكى خۇدا بارلىق جانلىقلارنىڭ تېنىگە ئورتاق ئاتا قىلىپ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇد جامىغا تېمىم ـ تېمىمدىن توپلىغان بالاغەت شارابىدىن ھاسىل بولىدىغان جىنسىي تەلەپنىڭ ھېسسىيات كۈچىمۇ ئەمەس ۋە ياكى دۇنياغا سەبىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بالىلىق چاغلىرىنىڭ ئورنىغا ئالماشقان قىرانلىق

دەۋرنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدقا ئاجايىپ يۈكسەك قۇدرەت بەخش قىلىدىغان، دۇنيانىڭ زاھىرلىرىدىن ھالقىپ باتىنىغا ئىشتىياق باغلىغان ھەۋەسنىڭ ئاساۋ ئاتتەك چاپچىپ تۇرىدىغان تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرىتىمۇ ئەمەس، ۋە ياكى نېمە ئۈچۈنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان بالىلارچە ھېسسىياتنىڭ ئەركە تۇيغۇلىرىمۇ ئەمەس. ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزىگە مەلۇم بىر تۇيغۇنىڭ تېنىنى تىترىتىپ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. شۇ تۇپەيلىمۇ، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى پۈتۈنلەي ھالسىز تەننىڭ زورۇقۇش بىلەن قىلغان مېھنىتىدەك نەتىجىسىز ئىدى. ئۇ بۇ ھالىنىڭ ئۆز كەيپىگە قانداق تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگۈسىمۇ كەلمەيتتى. بەزىدە تاماق يېگەن ياكى يېمىگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتەتتى ـ دە، كەتمەننى مۇرىسىگە سالغان پېتى ئېتىزغا بېرىپ ھارغىنىنى ئۇنتۇپ ئىشلەيتتى. ھەر قېتىم چېكىسىدىن ئېتىلىپ چىققان تەرلىرىنى سۈرتكەندە تېنىنىڭ بىرئاز يەڭگىللەپ قالغانلىقىنى سەزگەندەك بولاتتى. يەنە بەزىدە بولسا، راۋابنى ئېلىپ ئۆزىگە تونۇش بولغان قىرى ئۈجمىنىڭ سايىسىدا ھارغىچە چېلىپ، قەلبىنى تىترىتىۋاتقان ئاشۇ تۇيغۇنى ناخشا بىلەن سىرتقا ئاتاتتى.

بۈگۈن ئۇ شۇ ھالدا راۋابنى قولغا ئالدى ـ دە، يەنە ھېلىقى ئۈجمىنىڭ تۈۋىگە باردى. ئېتىزدا بۇغدايلار ئورۇلۇپ، كىشىلەر يىللىق مېھنەت خامىنىنى دەۋر قىلىۋاتقان، غۇر ـ غۇر سالقىن

تەننى سەگىتىپ يۈرەككە لەززەت بېرىدىغان بىر چاغلار ئىدى. ئۇ زوق بىلەن راۋابنى قولغا ئېلىپ ئۆزى ئامراق پەدىگە سازلىغىنىچە ئىشتىياق بىلەن چېلىشقا باشلىدى.

پاھ، خۇددى قۇلاقلىق ياغاچ چۆمۈچكە ئوخشايدىغان بۇ نەرسىنى ئۈچ يەردىن كېسىپ ئۇلاپ، ئۇنى يەنە ئاجراپ كەتمىسۇن دېگەندەك 22 يەردىن پەدە قىلىپ باغلاپ، يەنە ئۇنىڭغا ئوخشىمىغان چوڭلۇقتا بەش تال سىمنى تارتىپ، راۋاب دەپ ئاتىغان ياراتقۇچىسى ئۇنىڭغا شۇنداق بىر تىلنى ئاپىرىدە قىلغانمىكىن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆزىگە مەلۇم بىر تۇيغۇ، گويا ھەسەل ھەرىسىنىڭ قانات قېقىشىنى ئەسلىتىدىغان ھەرىكەتچان قوللىرى ئارقىلىق مەلۇم مەقسەتنى ئىپادىلەۋاتقان راۋابنىڭ زىل ئاۋازى غۇر ـ غۇر سالقىنغا قوشۇلۇپ ئەتراپقا تارىماقتا ئىدى. ئۇ راۋاب تارلىرىنىڭ ھەربىر جىرىڭلىشىدىن يۈرىكىنىڭ تىترىشىنى تۇيۇپ تۇراتتى. بۇ تىترەشتىن گاھىدا ئۇ ھايات دېڭىزىنىڭ ئۈمىد قىرغىقىنى، تەلمۈرگەن ئارزۇلىرىنىڭ ۋىسال چاغلىرىنى كۆرگەندەك بولسا، گاھىدا ھايات مۇساپىسىنىڭ ئۆتكەن چاغلىرىدىكى چاڭقاق تەنلىرىگە نىگارىنىڭ دىدار بولغىنىدىن شەربەت سۈمۈرگەن مىنۇتلىرىنى كۆرگەندەك بولاتتى، مانا شۇ ھالەت، مانا شۇ تۇرق!

سەئدىن چولپان بىلەن تەڭ ئېتىزغا چىقىپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈنمۇ ئۆزىگە ئارراق ھارغىنلىق يەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ

چېكىسىدىكى تەرنى ئاستا سۈرتۈۋېتىپ ئالدىغا قارىدى. بولۇق ئۆسكەن بۇغداي سەھەر قۇياشىنىڭ زومرەت نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ، يېنىك چايقىلىپ تۇراتتى. ئۇ كەچكىچە ئاشۇ بۇغدايلارنى ئورۇشى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئورۇلغان ئەنجىلەرنى خامانغا ئاپىرىشى لازىم ئىدى. ئۇ بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىپ ئاندىن ئورۇشنى خىيال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلىدىكى بىر تۇيغۇ هامان بۇ خىيالدىن ئۇنى يىراقلاشتۇرۇپ، تېنىگە يۇكسەك بىر قۇدرەت بەخش قىلغاندەك هېس قىلدى. ئۇ ئورغاقنىڭ بىسىنى بىر قېتىم تۇتۇپ كۆردى. بۇنى ئۇ ئۆتكەن يىلى شەھەرگە بارغاندا ئالاهىدە بۇيرۇتۇپ سوقتۇرۇپ كەتكەنىدى، ئورغاق بىسى هازىرغىچە يانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ يەنە غەيرەت بىلەن ئورۇشقا باشلىدى. ئۇ ئورغاقنى هەربىر شىلتىغاندا بىر باغلام ـ بىر باغلام تۇپلىناتتى، ئۇ شۇ هالەتتە، هەش ـ پەش دېگۈچە سولدىن چىقتى ـ دە، يەنە چېكىسىدىكى تەرنى ئېرتىپ، ئارقىسىغا قارىدى، دۆۋە ـ دۆۋە قويۇلغان بۇغداي ئەنجىلىرى بۇ يىلقى مېهنىتىنىڭ نەتىجىلىك بولىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خېلىلا سۆيۈندۈرەتتى، دېمىسىمۇ ئۇ بۇ يىلقى بۇ مېهنەت مېۋىسىگە نېمىلەرنى ئاتىمىغان؟

مۇشۇ مېهنەت مېۋىسى ئارقىلىق كۆڭلىدە ئۇزاقتىن بۇيان باش كۆتۈرگەن شېرىن ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنى نەچچە

قېتىم ئويلىغان ـ ھە؟! ئۇ كۆڭلىدە بۇ يىلقى مېھنەت مېۋىلىرىنى ھېسابلاپ كۆردى، دېگەندەك، ئارزۇغا يارىشا بىر نەرسە توپلانغانىدى، بۇلاردىن تولىمۇ خۇشال ئىدى، كۆڭلىدىكى بارلىق پىلانلىرىنى رابىيەگە بىرنى قويماي ئېيتىپ، بۇنىڭدىن ئۇنى خەۋەردار قىلسام، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالسام ـ دەپ ئويلىدى. شۇ تاپتا ئۇ رابىيەنىڭ جامالىغا تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرگەنىدى. ... ئۇ كۈتكەن ۋاقىت ئاخىر كەلدى. دېگەندەك رابىيە قىزلارغا خاس خۇلق بىلەن تال ـ تال زۇلفىلىرىنى ئويىنىتىپ، چېلەكنى كۆتۈرگىنىچە دەريا بويىغا كەلدى، ئۇ كەلدىيۇ، نېمە ئۈچۈندۇر چېلەكنى سۇغا پاتۇرماي، مىنۇتچە جىملىقتا چۆكتى، كۆزلىرى بىردەم جىمىرلاپ تۇرغان تىنىق دەريا سۈيىدىن ئۆزىگە لازىملىق بىرەر نەرسىنى ئىزدىگەندەك، ئۇنىڭ قاتلاملىرىغا تىكىلسە، بىردە سېخىي تەبىئەتكە ئاياۋسىز مېھرىنى تۆكۈۋاتقان قۇياشقا، بىردە ئاشۇ مېھرىدىن كۈلگەن چىرايىدەك ياشىرىپ تۇرغان دەل ـ دەرەخلەرگە تىكىلەتتى. سەئىدىن خوشلۇقىدىن يايرىغان تەنلىرىنى دەريا بويىدىكى سۆگەتنىڭ دالدىسىدىن ئالدى ـ دە، رابىيە تەرەپكە يېقىنلاشتى، رابىيە يەڭگىل بىر نەپەس ئالغاندىن كېيىن چېلەكنى سۇغا تەڭلىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ گۈزەل پىگورىسى تىنىق سۇ يۈزىدە ئۆزىنى ئېنىق كۆرسەتكەنىدى. ئۇ سەئىدىن بىلەن مۇشۇ دەريانىڭ سۈزۈك سۇلىرىنى ئۇچۇملاپ ـ ئۇچۇملاپ ئىچىشكەنلىرىنى ۋە

يەنە بىر ـ بىرىگە چىپچىشىپ ئويناشقانلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. مۇشۇ دەريا بويىدا قەلبىدىكى نۇرغۇن نىمە ئۈچۈنلەرگە ئېنىقلىما ئىزدەشكەن ۋاقىتلىرىنى ئەسلىدى، ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىتتىكى بۇ ئىشلارنىڭ قانداقسىگە بىر ـ بىرىگە ناتونۇش بۇ ئىككى گەۋدىنى كۆرۈنمەس رىشتە بىلەن باغلىغانلىقىنى ئويلىدى. سەئىدىنىنىڭ قاخشارلىق بۇرنى، مەسىلىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشكە ئادەتلەنگەن بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆزى ۋە خۇشخۇيلۇقى ئۇنىڭ سۇ يۈزىدىكى پىگورىسىغا ياندىشقاندا ۋىلىققىدە كۆلۈپ كەتتى. بۇ كۈلكە ئۇنىڭ تۇيغۇسىنى غىدىقلاپ، ئىچكى دۇنياسىدىكى قانداقتۇر بىر يېقىملىق سادانىڭ سىرتقا تېپىشىنى تېزلەتتى. بۇ كۈلكىنىڭ ھەقىقىي بىر جۈملىگە ئايلىنىشىنى سەئىدىن نەچچە قېتىم ئارزۇ قىلغان ـ ھە؟! شۇ تاپتا ئۇ سەئىدىن يېنىدا بولسا، ئاشۇ كۈلكىنى راستىنلا سۆزگە ئايلاندۇرۇشنى ئادەتتىكى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان تۇيغۇ ـ تەسىرات بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆمۈرلۈك ۋەدە سۈپىتىدە سەئىدىنىنىڭ قەلبىگە نەقىش قىلىپ ئويۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ شۇ ئوي بىلەن چېلەكنى سۇغا تەڭلەپ، قانچىلىك ۋاقىت تۇرغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىردىنلا سۇ يۈزىدە پەيدا بولغان بىر نۇقتىدىن تارالغان چەمبىرەكسىمان دولقۇن ئۇنىڭ گۈزەل جامالىنى سۇمۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك بۇرۇلۇپ ئارقىغا قارىدى.

ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئارزۇغا جاسارەتنى ياندىش قىلغان خۇدا ئۇنىڭدا شۇنداق بىر نەرسىنى كەم قىلغانكى، ئاشۇ ئارزۇ ئۈچۈن تاغدەك قىيىنچىلىقنى يەڭگەن جاسارەت ۋىسال جامىدىن بىر قەترە سۇمۇرگەندىن كېيىنلا لەسسىدە بوشاپ كېتەتتى. شۇ تاپتا رابىيەدە شۇ هال هۆكۈمران ئىدى. ئۇ تۇرۇپلا پۇتكۇل ئەزايى بەدىنىنىڭ شۇررىدا ئېرىپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا قولىدىكى چېلەكنى كۆتۈرۈشكىمۇ مادارى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. رابىيە بۇ ھالىنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئىزھار قىلىشقا پېتىنالمايتتى، ئۇ مىنۇتچە جىملىققا چۆكتى.

ــ رابىيە! ــ دېدى سەئدىن ئارىلىقتىكى جىملىقنى بۇزۇپ، ــ دىدارىڭىز مەن ئۈچۈن قۇۋۋەت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇدىڭىز؟ جامالىڭىزنى يوشۇرۇپلا كەتتىڭىزغۇ؟

رابىيە سەئدىننىڭ ئۈچ - تۆت كۈندىن بېرى ئۆزى بىلەن ئۇچراشالمىغانلىقى سەۋەبلىك بۇ گەپنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلدى - دە، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى قىسقىچە ئېيتتى:

ــ «خامان ئالماق شەھەر ئالماق» دېگەن گەپ بار، خامانغا جىددىي تۇتۇش قىلغانلىقلىرىنى بىلىپ تۇردۇمىيۇ، نەچچە رەت كېلىپ، ھېچبولمىسا سۇپۇرۇپ بېرىشكە بولسىمۇ ياردەم قىلاي، دەپ ئويلىدىم، بىراق...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىشنى خالىمىدىمۇ ـ قاندىلق، يۇتۇۋەتتى.

ــ رەھمەت، سىزنىڭ ياردىمىڭىزدىن جامالىڭىز ئارقىلىق ھەدىيە قىلغان ئىلھامىڭىز مەن ئۈچۈن تۈتىيا ئىدى، رابىيە. قاراڭ، سىز تەس دەپ ھېس قىلغان بۇ قەلەئەنىمۇ پۈتۈنلەي ئېگىلەپ بولدۇق.

ئۇ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە بەقۇۋۋەتلىك بىلەن بۇ سۆزنى ئېيتىۋاتاتتى، رابىيە ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىدى ۋە:

ــ ھوسۇل ئوبدان چىقىش قىلىدىغاندەك تۇرامدۇ؟ ــ دېدى.

ــ ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوق، مۇشۇلار توغرىسىدا سىزگە بىرنەچچە ئېغىز گېپىم بار ئىدى.

رابىيە ئۆزىنى ئوغشاپ سەئىدىنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن كۆزلىرىگە ئۈمىد بىلەن قارىدى ۋە يەنە نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى بىلگەندەك ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى ـ دە، ناھايىتى تەستە:

ــ ھازىرمۇ؟ ــ دېدى.

سەئىدىن ئەتراپقا قارىدى. ئېتىزدىن قايتقان كىشىلەر ئۆيلىرىگە قاراپ مېڭىشقانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا دەريا بويى ناھايىتى باب ۋە خالىي تۇيۇلغان بولسىمۇ، لېكىن رابىيە بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا قول بىلەن تۇتقىلى ياكى كۆز بىلەن كۆرگىلى

بولمايدىغان ئىنتايىن نازۇك بىر پەردىنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئالدى. بۇ پەردە بۇ ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى نومۇس، ۋىجدان، ھۆرمەت ۋە كۆيۈنۈش تۇيغۇلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ھەم ھاياتقا مەنە، ھەم يەنە كەلگۈسى غايىنى چىقىش قىلغان بىرلىككە مەنە ئىدى. شۇڭا، ئۇ مەسلىھەت تەرىقىسىدە رابىيەگە دېدى.

— شام ئارىلىقىدا گىلاس تۇۋىدە كۆرۈشەيلىمۇ؟

— يەنە شۇ تامدىن ئارتىلىپ كىرەلىمۇ؟ — رابىيە تەئەججۇپ بىلەن سەئىدىنگە قارىدى، سەئىدىن رابىيەنىڭ كۆڭلىدە قانداق پىلانلارنىڭ بارلىقىنى بىلگۈسى كەلگەندەك ئۇنىڭغا ئىلتىجا نەزىرى بىلەن تىكىلدى. رابىيە بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

بىرنەچچە قېتىم سەئىدىن ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ئۈچۈن، تامدىن ئارتىلىپ باغقا كىرگەندە، گەرچە بۇنى ئۇ ئۆزى ئارتۇقچە دەپ بىلمىسىمۇ، لېكىن رابىيە سەل ھارلانغانىدى. شۇنچە سەمىمىيلىك، توغرۇلۇق ۋە تولىمۇ كۆيۈمچانلىق بىلەن قىلىنىۋاتقان مۇئامىلىگە مەن مۇشۇنداق پوزىتسىيەدە بولسام ياخشى بولارمۇ، دەپ ئويلىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزى ئويلىغان مۇشۇ ئىشلارغا يەنە قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ ھامان توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنى ھازىرچە يېشىپ بولالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ۋاقىتلىق بولسىمۇ، مۇشۇنداق خالىيدا سۆھبەتتە بولۇشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۈگۈن سەئىدىنىنىڭ بۇ

تەلەپلىرىگە ۋە ئۆزى ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ قىلغان يا سوئالغا، يا جاۋابقا ياتمايدىغان بۇ سۆزىگە نېمىدەپ چۈشەنچە بېرىشنى ئويلىدى ـ دە، ئاخىر كەسكىن قىلىپ مۇنداق دېدى:

ــ مەن سۇنى ئەكىرىپ قويۇپلا مۇشۇ يەرگە كېلەي، دادامىمۇ دىگەرگە مەسچىتكە كىرىپ كەتتى، ھايال بولمايلا كېلىمەن.

ئۇ سۇنى كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى ـ دە، ھايال بولمايلا دەريا بويىدا ھازىر بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە كىچىكىدىن تونۇش بولۇپ كەتكەن بۇ دەريانىڭ يەنە قانداقتۇر نامەلۇم سىرلىرىنى بىلگۈسى كەلگەندەك، سۆگەت تۈۋىدە دەريانىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كۆز تىكىپ ئولتۇراتتى. رابىيەنى ئاتايىن مۇشۇ يەرگە چاقىرغان سەئدىنىنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ئېيتىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن گەپلەر بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ گەپلەرنى قايسى يول بىلەن قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەيتتى. ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتمەكتە ئىدى.

ــ رابىيە، ــ دېدى ئۇ ئاخىرى، ــ قەلبىمدە سىزگە ئېيتالمايۋاتقان بىر ئېغىز سۆزۈم بار ئىدى. ئېيتسام قانداق بولار؟

ــ مەن قاچان سىلىنىڭ ئۆتۈنگەنلىرىگە ياق دېگەن؟ گەپلىرى بولسا دەۋەرسىلە! ــ رابىيەنىڭ ئىشەنچكە تولغان بۇ كەسكىن جاۋابىدىن سەئدىنىنىڭ ۋۇجۇدى شۇ تاپتا تەسۋىرلىگۈسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە تولۇپ، تېنىدە غايەت زور

روھىي قۇدرەت قاناتلانغاندەك بولدى. ئۇ رابىيەگە تېخىمۇ يېقىنراق سۈرۈلدى ـ دە، دادىللىق بىلەن كۆڭلىدىكىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

ــ جېنىم رابىيە، ئىشقىڭىز ۋۇجۇدۇم بېغىدا يىلتىز يارتقاندىن بېرى قەلبىمدە قانداقتۇر بىر روھىي قانائەت باش كۆتۈرمەكتە. لېكىن، بۇ قانائەتنىڭ بىر تەرىپى سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدىكى ماقۇللۇققا تۇتاش بولغاچقا، يەنىلا كۆڭلۈمنىڭ مەلۇم تەرىپى يېرىملىقنى ھېس قىلىۋاتىمەن. بىزنىڭ مۇشۇ ئىشلىرىمىز راستىنلا ئەمەلگە ئاشارمۇ؟

سەئدىنىڭ بۇ سۆزلىرىدە ئۆزىنىڭ ئېنىق جاۋاب بېرىشىگە تېگىشلىك مەلۇم بىر نۇقتىنىڭ بارلىقىنى سەزگەن رابىيە كۆڭلىدە نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن يېقىنچىلىق ۋە مۇئامىلىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى، قىسقىسى، ئۆز كۆڭلىنى سەئدىنىڭ دېگەندەك ئېنىق چۈشەنمىگەنلىكىنى، چۈشەنسىمۇ دېگەندەك ئىشەنچ قىلالمايۋاتقانلىقىنى بىر قۇر خىيال قىلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە مۇشۇنداق گەپلەرنى ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىق بار دەپ بىلگەن يىگىتنىڭ قىزدىن سورىشى تولىمۇ جۈرئەتسىزلىك ئىدى. شۇڭا، ئۇ بىرئازدىن كېيىن:

ــ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئىشلارنى نېمىلەرنىڭ زۆرۈرىيىتى دەپ بىللە؟ ــ دەپ سوئال قويدى.

سەئىدنىنىڭ چىرايىدە يا قىزارغىنى ياكى بولمىسا باشقىچە بىر تۈيغۇنى ئىپادىلەيدىغان ئالامەت بارلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ رابىيەدىن مۇشۇنداق گەپنىڭ چىقىشىنى نەچچە قېتىم ئارزۇ قىلغان ـ ھە؟! شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقىدىن قېپىدىن چىقىپ كەتكۇدەك ھالەتكە يەتكەنىدى. ئۇ زورىغا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، رابىيەنىڭ ئىككى مۇرىسىدىن تۇتقىنىچە ئۇنى چاقىردى:

ـــ رابىيە!

رابىيە بولسا نۇرلۇق كۆزلىرىدىكى تەلمۈرۈش ھېسسىياتلىرىنى سەئىدنىڭدىن يوشۇرغاندەك قاپقارا، ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى بىر ـ بىرىگە جۈپلەپ، گويا مېنىڭ مەيلىم ۋە ئىختىيارىمنى ئاللىبۇرۇن ئىلكىگە تاپشۇرۇۋەتكەن دېگەندەك قىلىپ جىم تۇردى. سەئىدىن ئۇنىڭ سۇ يۈزىدىن يانغان قۇياشنىڭ گىرىمسەن نۇرىدا خۇددى ئاناردەك قىزارغان يۈزىگە ئۇزاققىچە تىكىلدى ـ دە، تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئۇنى ئاستا باغرىغا تارتتى. رابىيەنىڭ يۈرىكى سەئىدنىگە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە تېز ـ تېز سوقماقتا ئىدى. سەئىدىن ۋۇجۇدىدا قايناپ تېشىۋاتقان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەتنى ۋە سۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن رابىيەنىڭ نېپىز لېۋىگە لېۋىنى باستى. بىر خىل ئېقىمدا تىنىچ ئېقىۋاتقان دەريا ئىچىدىن بىر بېلىق پىلتىڭشىدە سۇ يۈزىگە چىقتى ـ دە، يەنە شۇڭغۇپ كەتتى. ئۇلار شۇ ھالدا قانچىلىك

ئۇزۇن تۇرۇشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، لېكىن سەئدىن ئۆزىنى ئاستا تارتتى، رابىيە گىرەلىشىپ كەتكەن كىرپىكلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئاجراتتى. ھەر ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە ئۇزاققىچە قارىشىپ جىم تۇرۇشتى. شۇ تاپتا ھەر ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى نېپىز پەردە پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ جامالىنى ئېنىق كۆرۈۋاتقاندەك، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغاندەك بىر سېزىم بېرىدىغان بوشلۇق تولدۇرۇلغاندەك ئىدى. ئۇلار شۇ ھالەتتە بىردەم ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن سەئدىن سۆز ئالدى:

— بۇ يىل ئاشلىقمۇ يىللاردىكىدىن ئوبدان بولدى، رابىيە! ئائىلىمىزگە بولغان كىرىممۇ ئاز ئەمەس. ئىككىمىزنىڭ ئىشنى كۆزدە ئەمەلگە ئاشۇرساقمىكىن دەيمەن، سىزنىڭچە قانداق؟

رابىيە نۇقتىدىن كۆزىنى ئۈزدى ـ دە، تېزلا بۇرۇلۇپ سەئدىنگە تىكىلدى ۋە كەسكىن تۇردە؛

— بىزنىڭ نازۇك قەلبىمىزنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلىغان رىشتىنى سىلى پۇل ـ پۇچەك، ئابرۇي ۋە مەنسەپ دەپ چۈشىنىۋاتقان ئوخشىمامالا؟ مەن ھېلىھەم ۋە ھەممىنى پەقەت ھالال مېھنەت بىلەن زىچ بىرىككەن سەمىمىي سۆيگۈگە ئاللىبۇرۇن ئاتىۋەتكەن. شۇ يولغا جىسمىمنى ئەمەس، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى سەدىقە قىلىۋەتكەن. ھەتتا بۇ مەقسىتىمنى سىلىگىمۇ بىر قۇر ئىزھار قىلغانىدىم. ئەمدى بۇ گەپلىرىنى بۇ

يەردە دەپ يۇرۇشنىڭ ھاجىتى نېمە؟

— شۇنداق بولسىمۇ، ئەزەلدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە ـ رەسمىيەت بار رابىيە. دادام نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بېشىڭنى ئوڭلاپ قويىمەن دەپ ناھايىتى خىجىل قىلدى. بىرەر كىشىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۇدەك بىر نەرسىلەرنى ھازىرلىغانىدى. بىرەر ئەلچى بېرىپ ئاتىڭىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتمىسە بولماس. ئويلىنىپ باقارسىز!

رابىيە بۇ ئىشلارنى خىيالمۇ قىلىپ باقمىغانىدى. ئەتىۋارلاپ باققان بۇ قىزنىڭ بارلىق ئارزۇلىرىغا ئاتا ـ ئانام شەكسىز بويسۇنىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، ئۇ سەئىدىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەل ئويلىنىۋالدى ـ دە، تۇرمۇشنىڭ بۇ تەرەپلىرىنى تېخىچىلا ئويلاپ يېتەلمىگەننى ھېس قىلدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەدىسىدىن قىلچە يانمايدىغانلىقىنى، قاچان بولمىسۇن ئۆزىنىڭ ھامان سەئىدىنگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدىن بىر قۇر ئۆتكۇزدى ـ دە، سەئىدىنگە:

— مەيلى قاچان بولمىسۇن بىرەر كىشى بۇ رەسمىيەتنى بېجىرىۋەتسە بولىدۇ، — دېدى.

سەئىدىن خۇشاللىقىدىن رابىيەنى يەردىن دەس كۆتۈرۈۋالدى ـ دە، ئىككى ئايلاندۇرۇپ، يەنە دەسسىتىپ قويدى. ئۇلار قىزغىن پاراڭلار بىلەن ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ھېس

قىلدى. رابىيە ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى ۋە پىگورنىغا ماس تىكىلگەن دوخاۋا جىلىتكىسىنىڭ مىغىز يانچۇقىدىن باش بارماق چوڭلۇقىدا بىر تۇگۈنچەكنى ئېلىپ سەئدىنگە سوندى.

— بۇنى مەن ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئاچسىلا! — دېدى.

سەئدىن ئۇنىڭ تۇگۈنچەكنى سونغان قولىنى تۇگۈنچەك بىلەن قوشۇپ مەھكەم تۇتۇۋالدى. رابىيە ھېچقاچان ۋە ھېچ ۋاقىتتىكى ئوخشىمايدىغان تاتلىق بىر خۇلق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ ۋۇجۇدىنىڭ قايسى ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. سەئدىن ئۇنى كۈچ بىلەن ئالدىغا تارتىپ باغرىغا تاڭدى ۋە تىترەپ تۇرغان لېۋىنى ئۇنىڭ نازۇك لېۋىگە ئاپاردى...

سەئدىن ئۆزىگە ياندى. راۋاب چېلىپ تالغان قولىدىكى زەخمەكنى تارغا قىستۇرۇپ قويدى - دە، يانچۇقىدىكى ھېلىقى تۇگۈنچەكنى ئېلىپ ئۇنى قايتا ئاچتى. ئوخشىمىغان چوڭلۇقتىكى بىر - بىرىگە مەھكەم چىپسىلاشقان بىر جۈپ قوشماق مىغىز خۇددى بىر جۈپ يۈرەكتەك سەئدىنىنىڭ ئىشتا پىشقان كەڭ ئالىقىنىدا تۇراتتى، سەئدىن ئۇنى ئاشۇ كۈنلەردىن بۇيان ھەمىشە كۈندە نەچچە قېتىم قولىغا ئېلىپ قارايتتى. ھەر بىر قارىغانسېرى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزىگە مەلۇم بىر تۇيغۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ، چوڭقۇر ھاياجانغا

چۈمدۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ ۋۇجۇدىدىكى جاسارەتنى پەقەت قولىدىكى ئاشۇ بىر جۈپ مېغىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى دەپ بىلەتتى، مۇشۇ بىر جۈپ مېغىز رابىيە بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان، ئارىدىكى پەردىنى كۆتۈرۈپ، ئىككى قەلبتە بىنا قىلغان كەلگۈسى ھاياتقا بولغان تاتلىق ئۈمىدنىڭ ئۇچقۇنلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرغان ۋە ئۇنى گۈلخانغا ئايلاندۇرغان، بۇ بىر جۈپ يۈرەكتىكى غايە، ئەقىدە، ھايات، كىشىلىك تۇرمۇش قاتارلىقلاردىكى ئورتاقلىقنىڭ بەلگىسى دەپ چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋاتقان نەرسە ئەنە شۇ ئۈمۈرلۈك مەنىۋى تۇۋرۈكنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنىڭ، ھايات مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىشەنچلىك قولداشقا ئىگە بولغانلىقىنىڭ تەنتەنىسى ئىدى. ئۇ قەلبىدىكى ئاشۇ خۇشاللىقنى پۈتكۈل ئالەمگە، مۇھىمى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۆزىگە قۇۋۋەت، مادار ۋە ھالاۋەت بەرگەن مۇشۇ مۇقەددەس تۇپراققا، مۇشۇ مۇقەددەس تۇپراقتىكى ھەربىر گىياھقا، ئىككى قەلبتىكى شېرىن ئارزۇنىڭ ئويناق ئېقىندەك چاپچىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۇلىرىغا ئۇقتۇرۇشى، ئاشۇلارنىڭ تەڭ خۇشال بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قولىدىكى مېغىزنى ھېلىقى قىزىل تۈگۈنچەككە قايتىدىن چىرايلىق ئوراپ يانچۇقىغا سالدى ۋە راۋابنى چالغىنىچە مەھەللە تەرەپكە يول ئالدى. ئۇنىڭ

ۋۇجۇدىدا ھازىر پەقەت ئۆتكەندە دەريا بويىدا رابىيە بىلەن قىلىشقان گەپلەرنى قانداق قىلىپ ئاتا ـ ئانىسىغا بىلدۈرۈش ئىشىلا قالغانىدى. ئۆمرىنىڭ مۇشۇ ۋاقىتلىرىغىچە كۆڭلىدىكىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئاشكارا سالمىغان سەئىدىن ئۈچۈن مۇنداق گەپنى ئېيتىش، بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىسى بېشىغا ئوڭشاپ قويايلى، دەپ تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا: «مېنىڭ مۇنداق سۆيگىنىم بار ئىدى» دەپ ئېغىز ئېچىش ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ نومۇسلۇق ئىش ئىدى، شۇڭا ئۇ قەلبىدىكىنى يا بىرەر ئادەمگە ئوچۇقراق ئېيتالماي، ئېيتقان تەقدىردىمۇ، سىرتتا گەپ كۆپ بولىدۇ، دەپ قورقۇپ، ياكى بولمىسا ئاتا ـ ئانىسىغا بىلدۈرەلمەي، پەقەت راۋابىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى ئارقىلىق ئۇقتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى ـ دە، قېرى ئۈجمىنىڭ تۈۋىدىن قايتقانچە ئۇدۇل ئۆيگە كەلدى. ئۇ ئۆيگە كەلگىنى بىلەن يەنىلا قولى ئىشقا بارمىدى، يەنە راۋابنى قولىغا ئېلىپ، شوتىغا قونغىنىچە چېلىشقا باشلىدى، ئۆيدە سەئىدىنىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى بار ئىدى، ئۇلار سەئىدىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان مىجەزىگە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سەپسېلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى مىجەزى ۋە چېھرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئالاھىدە كۆزىتىۋاتاتتى، بۈگۈن ئۇلار سەئىدىنىڭ پۈتكۈل مېھرى بىلەن راۋاب چېلىشىغا زوقمەنلىك بىلەن قاراشتى، سەئىدىنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئاكا

سەئىدنىڭ ھەربىر زەخمەك ئۇرۇشلىرىدىن راۋابنىڭ ئىشق ـ مۇڭلىرىنى ئىزھار قىلىشلىرىدىن ھاياتنىڭ خۇددى مۇشۇ سەئىدنىدەك قىرانلىق ۋاقىتلىرىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇمۇ خۇددى مۇشۇ سەئىدنىدەك ۋاقىتلىرىدا ياشلىقنىڭ غۇبارسىز، تەنتەك ۋاقىتلىرىنى بېشىدىن كەچۈرمىگەنمىدى؟! ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ سەئىدنىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەندەك مەلۇم بىر تۇيغۇ خۇددى سۇزۇك بۇلاق سۈيىدەك ئاقمىغانمىدى؟

ئىبراھىم ئاكا ئوغلى سەئىدىن بىلەن ئۆزىنىڭ ياشلىق ھايات سەپىرىدە ئاجايىپ بىر ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى تۇنجى رەت ھېس قىلدى، ئۆزىنىڭ ھاياتىدا زاھىر بولغان ئۆزگىرىشتىن سەئىدنىنىڭ ھازىرقى ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. بۇنداق ئۆزگىرىشنى ئۇ خېلى بۇرۇن ئۆز ۋۇجۇدىدا بەرپا بولغان ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ئىشق تامچىسى ئارقىلىق سەئىدنىنىڭ ۋۇجۇدىدا بەرپا بولۇشى دەپ بىلگەنىدى. لېكىن، ئۇنىڭدا ھازىر ئۆزىدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇقلۇقنى، ئاشۇ پەزىلەتلەرنىڭ ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەت بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىر ـ بىرىدىن مەڭگۈ ۋە مەڭگۈ ئاجراتقىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى پەزىلەتلەرنىڭ ئۆز ئوغلىدا بەرپا بولۇشى، ئاشۇ ئارقىلىق ئۆز ھاياتىنىڭ داۋاملىشىشىنى نەچچە رەت ئارزۇ قىلغان ـ ھە؟!

ئەمدى ئۇنىڭ ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشىدىغان، ئاشۇ ئارزۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاتىغان مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. ئەگەر بۇ پۇرسەت قولدىن كەتسە ئاخىرىدا پەقەت بىر تال قىلىغا ئېسىلىپ تۇرغان جان ئۇنىڭ تېنىدىن ئاجراپ كەتسە، ئۇنىڭ كۆتكەنلىرى نەگە كېتىدۇ؟ ھاياتنىڭ ھەربىر تىنىقىنى ئۆز كۆڭلىدىكى ئارزۇغا ئاتىۋەتكەنىكەن. دېمەك، كۆز ئالدىدىكى بۇ سەۋەبىنىڭ دەردىگە يېتىشنى ئۇنىڭ قەلب زېمىنىغا يىلتىز تارتقان ئارزۇ ـ ئۈمىدىنىڭ مەقسەت غۇنچىلىرىنى ئېچىلدۇرۇش لازىم. ئۇمۇ شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدىغانلىقىنى ۋە كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلەيدىغانلىقىنى تونۇدى، لېكىن، ئۇنىڭ سەبىي قەلبىگە كىم كەمەندە تاشلىغان؟

ئىبراھىم ئاكا شۇ خىياللار بىلەن كىرپىك قاقماي تاڭغا ئۇلاشقانلىقىنى بىلدى. ئۇيان ئۆرۈلۈپمۇ، بۇيان ئۆرۈلۈپمۇ، ئۇنداق خىيال قىلىپمۇ، بۇنداق خىيال قىلىپمۇ ئۇنىڭ قەلب رىشتىسىنىڭ كىمنىڭ قەلب رىشتىسىگە تۇتاشقانلىقىنى، ئۇنىڭ قەلبىگە تاشلانغان كەمەندىنىڭ بىر ئۇچى كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى زادىلا ئويلاپ تاپالمىدى. مەھەللىدىكى رەسىدە بولغان قىزلارنى بىر قۇر تەپسىلىي خىيالدىن ئۆتكۈزدىيۇ، ھېچقايسىسىنى جەزم قىلالمىدى ـ دە، ئاخىر سەئدىنىنىڭ ئانىسىغا ئويلىغانلىرىنى بىر قۇر ئېيتتى :

— يوقىرىقى مەھەللىدىكى ياقۇپ ئاخۇننىڭ قىزى رابىيەگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى تېخى ئاڭلىمىدىلىمۇ؟

ئىبراھىم ئاكا ئۆزىنى ناھايىتى چېۋەر، تۈيغۇن دەپ ھېسابلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن پەرزەنت قەلبىنى چۈشىنىشتە ۋە ئۇنىڭ غېمىنى يېيىشتە تېخى ئانىسىنىڭ ناھايىتى ئارقىسىدا ئىكەنلىكىنى تۇنجى رەت ھېس قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىرىغا تولۇق ئىشەنمەي ياندۇرۇپ سورىدى:

— سەن كىمدىن ئاڭلىغان بۇ گەپنى؟

— كوچا ـ كويلاردا كىشىلەر ئاغزىدا خېلىلا كونىراپ قالغان گەپقۇ ـ بۇ! مەن تېخى سىلىنى ئاڭلىغانمىكىن، دەپ ئېيتماپتىمەن .

ئىبراھىم ئاكا رابىيەنى خېلى بۇرۇن قىياس قىلغان. ئۇنىڭ گۈزەل، ئەخلاقلىق بولۇپ يېتىشكەنلىكىگە مەستلىكى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى سەئىدنىڭگە كۆڭۈل بېرىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدە رابىيەگە نىسبەتەن ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى باش كۆتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاتىسى ياقۇپ كۆز ئالدىغا كەلگەندە ۋۇجۇدىنى قانداقتۇر بىر نەرسە غۇزژىدە قورۇغاندەك بولدى. ئۇ ياقۇپنىڭ ئۆزىدىن بايلىق، ئابرۇي قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كىشىلەرگە يات بىر

خۇسۇسىيىتىنىڭ بارلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىغا بىرىشىنىغۇ بارار، لېكىن ئادەمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى باشقىچە بىر نەرسىدە ئۆلچەشكە ئادەتلەنگەن بۇ ئادەم نېمىدەپ جاۋاب بېرەر، دېگەن خىياللارنى كاللىسىدىن بىر قۇر ئۆتكۈزدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى كۆكلىتىدىغان، ھاياتىنى مەقسەتتىكىدەك داۋام ئۆتكۈزۈشكە ئىشەنچىنى ئاشۇرغان بىردىنبىر جىگەر پارىسىنىڭ ئۆزىگە مەلۇملۇق ھالىتى زاھىر ئىدى. ئۇ، ئۇ تەلەپنى ئورۇندىمىسا بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىر قۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

## مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ مەنىسى

مۇھەببەت قەلبتە چېقىن چاققاندا تەن گۈلخانغا ئايلىنىپ ۋۇجۇدىدىكى ئىختىيارلىق ئىلكىدىن ئايرىلغان ئىش ئانچە غەيرىيلىكمۇ ئەمەس. بۇنداق بولۇش مۇھەببەت باغچىسىدا ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەردىن ئۇرۇق تېرىۋېلىپ، ئۇنى قەلب باغچىسىدا ئېچىلدۇرغان ئىنساننىڭ ئۆزى خالاپ تېرىۋالغان ئاشۇ گۈللەرگە مېھىر بىلەن كۆيۈنۈشى ۋە سۆيۈنۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلغانلىقىدا. لېكىن، شۇمۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى، بۇ رىشتە پاناھ قىلغانلارنى دىلىغا تىلىنى مەھكەم باغلاپ ئۇنىڭغا

ۋاپادارلىق بىلەن ساداقەتنى ئەبەدىيلىكنىڭ تامغىسى سۈپىتىدە پېشانىسىدە نۇرلاندۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا قاباھەت بىلەن رەزىللىكنى دەسسىتىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ شەھۋانىيىتىنى قاندۇرۇشنى ئويلايدىغان ئەھۋال تولىمۇ قاباھەتلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇنداق ئەھۋال ئىنسانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەندە، بۇ ھەقىقىي تۇردىكى ماھىيەتكە تەتۈرلۈك بولىدۇ.

باغچىدا ۋۇجۇدۇڭغا سۆيگۈ، ئاراملىق ۋە لەززەت بېغىشلايدىغان خۇش پۇراقلىق خىلمۇخىل ئەتىرگۈلمۇ بار، بۇلبۇل ئۆزۈمنىڭ يۈرىكى، دەپ سۆيۈنگەن، پۈتكۈل ئىشقىنى بېغىشلىغان قىزىلگۈلمۇ بار. ئەتىگەندە ئېچىلىپ چۈشتە سولىشىدىغان ھەشقېپىچەكمۇ بار ۋە يەنە ھۆسنىدىن باشقا دىلغا ھېچقانداق لەززەتنى بولمىغان پۇراقسىز لەيلىمۇ بار. تىكىنىدىن ئارازلىق، بىزارلىق يېغىپ تۇرىدىغان تۈرلۈك - تۈمەن چېچەكلەرمۇ بار. كۆز ئالدىڭدا ئەنە شۇنداق خىلمۇ خىل خىسلەتلىرى ۋە كۆركەم ھۆسنى بىلەن تەبىئەتنى بېزەكلەپ تۇرغان رەڭگارەڭ گۈلزار، ئۇنىڭدا گۈلدىن گۈلگە قونۇپ ئۇنىڭدىن ئاللىقانداق نەرسىلەرنى ئىزدەشكە ئۇرۇنغان كېپىنەك؛ ئاشۇ كۈنلەرنىڭ پۇرمە كۆكسىگە چۆمۈلۈپ تىنىم تاپماي ئىشلەش ئارقىلىق غەيرىيلەر ئۈچۈن غەرەزسىز شىرنە يىغىدىغان ھەسەل ھەرىسى، ئاددىي ۋۇجۇدىدىكى پۈتكۈل ئىشقىنى ئۆزى ئۈچۈن تۇتىيا بولغان يىگانىسىنىڭ نەچچە قەۋەت پەردىلەر ئىچىدىكى جامالىغا ئاتىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن

جان بېرىشنى ئۆزى ئۈچۈن شەرەپ دەپ بىلىدىغان بۇلبۇل... لار ئەركىن سەيلانە قىلىپ ھەرقايسى ئۆز مۇراد ـ دۇئاسى ئۈچۈن ھەرىكەت ئېلىپ بارماقتا.

بۇلبۇل ئۆز سۆيگىنى قىزىلگۈلگە ئاشىق. بەلكىم ئۇنىڭ رەڭگىنى گۈزەللىككە ئامراق ۋۇجۇدىغا جان بېرىۋاتقان قىپقىزىل يۈرىكىگە ئوخشاتقاندۇ ۋە ياكى زۇلمەت تۈنىنىڭ قوينىدىن ئازاد بولۇپ، بەرق ئۇرغان قۇياشنىڭ خاسىيەتلىك زەر نۇرلىرىغا قۇرداش بولۇشنى ئادەت قىلغان پەزىلىتىگە ۋاسىل بولۇشنى ئويلىغاندۇ ياكى ياۋا نىيەت بىلەن تىكىلگەن ئۆزگىلەرگە ئاياۋسىز نەشتەر ئۇرىدىغان جاسارىتىگە قايىل بولغاندۇ، تىنىم تاپماي چاڭىلداپ سايراپ تۇرىدۇ، كېپىنەكنىڭ ھەرىكەتلىرى ماھىيىتىگە تارتقان، ھەسەل ھەرىسى شىرنە بۇلىقىغا ئۆزىنى ئاتقان، ھەرقايسى ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئۆمرىگە مەنە بېرىۋاتقان كۆنلەرنىڭ بىرىدە گۈلزارغا قارا قاغا نەزىرىنى ئاغدۇردى. جىلۋىسى بىلەن مىڭ جاننى بىھوش قىلىدىغان سەر خىللار ئارىسىدىن ۋۇجۇدىدىكى ئۆزىگە نائېنىق تۇيغۇغا مەنە ئاختۇردى. گۈللەر شۈمشەيدى، خۇددى ۋاقىتسىز كەلگەن ئۈششۈك دەستىدىن ۋىژژىدە قورۇلغاندەك؛ بۇلبۇل نالىسى خۇددى زورلۇق ئالدىدا ئاجىزلىقىدىن خۇداغا يېلىنغان مىسكىنىدەك؛ ھەسەل ھەرىسى قاچتى، خۇددى بۆركۈتتىن ئۈركىگەن ناتىۋان توشقاندەك؛ قاغا ھۆرپەيدى، خۇددى ھەقىقەتنىڭ گۆرىسى ئالدىدا جان تەسلىم قىلىشتىن ئىلگىرىكى مۇتتەھەمدەك؛ ئۇنىڭ تىلىدا

مۇھەببەت دەۋاسى بولسىمۇ، لېكىن كۆزىدە ھەسەت ئۇچقۇنلىرى ياناتتى. ئۇ گۈلزار ئاسمىنىدا ئەگىگىنىچە قىزىلگۈلنىڭ يېنىغا قوندى. ئۇنىڭ چېھرىدە ئۆزىگە مۇناسىپ كۈلكە، نىجاسەتتىن بۇلغانغان ئاغزىدا ئۆمۈرلۈكنى ياد قىلغان ئەھدە زاھىر ئىدى. قىزىلگۈل ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە مەنە بېرەلمىسىمۇ، لېكىن قاغا خاتىملەنگەن ھاياتنىڭ بەلگىسىز قەبرىسىگە ئۇنى ئۆمرىنىڭ نىشانى قىلىپ تىكلەشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى، قىزىلگۈل ئەلەمدىن تولغىناتتى، قاغا ئۇنىڭغا زامان شۇملۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇترىتىپ قاناتلىرىنى پالاقلاتقىنىچە دەھشەت بىلەن ئېتىلاتتى. قىزىلگۈل زەربىگە چىداشلىق بېرەلمىدى. بەرگلىرى بىر ـ بىرلەپ يەرگە تۆكۈلۈشكە باشلىدى...

رابىيە چۆچۈپ ئويغۇنۇپ كەتتى، ئۇنىڭ بەدىنى قارا تەرگە چۆمۈلگەنىدى. ئۇ ھاسىراپ ـ ھاسىراپ ئىتتىك تىنىناتتى، يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ ۋۇجۇدىنى بىر خىل ئارامسىزلىنىش قاپلىۋالغانىدى، ئۇ تېزلا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، چاپىنىنى يېپىنچاقلىغان پېتى ئۇدۇل باغقا كىردى، ئەتراپ جىمجىت، ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ گۈللۈككە كەلدى. شەبنەم سۆيگەن ھەر خىل گۈللەر يۇلتۇزلارنىڭ چاراقلاپ يانغان نۇرىدا غۇۋا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، ئۇ ھەم گۈللەرنى بىر ـ بىرلەپ تۇتۇپ كۆردى. ھەممىسى جاي ـ جايدا تۇراتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز تىنغاندەك بولدى، چۈنكى، ئۇ ئۇنىڭدىن دەستىلەر تىزىپ سەئدىنىگە يادىكار تۇتماقچى ئىدى، ئۇ ساناقسىز يۇلتۇزلار

جىمىرلاپ تۇرغان سۇزۇك ئاسمانغا قاراپ ئۇزاق خىيال قىلدى.

شەرق تەرەپتىن گۇگۇم پەردىسىنى يىرتىپ سۇبھى كۆتۈرلۈۋاتاتتى، ئۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ھويلىغا چىقىپ ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ دەھلىزگە كىردى. ئىچكىرىكى ئۆينى خىرە ـ شىرە يورۇتۇپ تۇرغان قارا چىراغنىڭ ئاجىز نۇرى قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن دەھلىزگە چىقىپ تۇراتتى، ئۇ تاھارەتكە سۇ ھازىرلاش ئۇچۇن تۇتۇندى، لېكىن شۇ ھامان كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيغاندەك تۇرۇپلا قالدى، ئۆي ئىچىدىن دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ رابىيە توغرۇلۇق قىلىشىۋاتقان سۆزلىرى ئېنىق ئاڭلىنىۋاتاتتى:

ــ شۇنچە چۇشەندۇرسەممۇ يەنە ئۆز گېپىڭدە مەھكەم تۇرۇۋالىسەن، بىلەمسەن؟ جابىر باي يۇرتىمىزنىڭ كاتتىسى، ئىلكىدە پۇل، نەزىرىدە زېمىن، باغرىدا ھېسابسىز بىسات تولۇپ يېتىپتۇ، مۇشۇ ۋاقىتچە يۇرتتا كىم ئۇنىڭ گېپىنى يىرغان؟ بۇ ئادەم بىلەن قۇدا بولماق ئامەتنىڭ بىزگە ئالدىنى قىلىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئەمەسمۇ؟ يۇرتتىكى ئولتۇرۇش ـ قوپۇشتىمۇ تۆر بىزگە نېسىپ بولىدىغان، ئاغزىمىزدىكى بىللا قەدىمىمىزدىن تىللا ئۇندۇرىدىغان ۋاقىتلارمۇ يېتىپ كېلىدىغان بولدى. ئەگەر بۇ ئىش ئورۇنلانمىسا، ئۆمرۇڭدە ئاز نېسىپ بولىدىغان بۇنداق بەخت قولۇڭغا قايتا كېلەمدۇ؟ قايتا ئېسىڭگە سېلىپ قويايكى، ھاياتنىڭ مەنىسى مۇشۇنىڭدا!

ئۆينىڭ ئىچىنى جىملىق قاپلىدى، رابىيەنىڭ قەلبى

ئەلەمدىن پۈچىلىنىشقا، ۋۇجۇدى غەزەپتىن تولغىنىشقا باشلىدى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ دادىسىنىڭ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا يىقىلىپ قەلبىدىكى بارلىق ئارزۇ - تەلەپلىرىنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن دادىسىنىڭ خۇي - پەيلىنى ئېسىگە ئېلىپ ئانىسىنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنى كۈتتى، دېمىسىمۇ دادىسى بايلىق ، ئابرۇي دېسە ئۆز جېنىدىن ۋاز كېچىشتىن يانمايدىغان ئادەم ئىدى، بىر ئازدىن كېيىن رابىيەنىڭ ئانىسىنىڭ تىترەك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئىبراھىم ئاخۇن ھەممە سالادا بار، ھارامدىن قېچىپ، ھالالنى ئۆزىگە يار قىلغان، دىيانەتلىك مۇسۇلمان ئەھلى، سەئىدىنمۇ ئىغشماي دادىسىنى تارتتى، قولىدا گۈلدەك ھۈنەر، ئەخلاقلىق، خۇي - پەيلى ياخشى ئوبدان بالا بولدى، قىزىمىز رابىيەنىڭ بەخت گۈلى ئەنە شۇنىڭ قولىدا پورەكلەپ ئېچىلىشقا ئىشەنچىم كامىل.

— بەس! — بۇ ياقۇپنىڭ ئاۋازى ئىدى، — بەخت دېمەك، پۇل دېمەك، پەزىلەت دېمەك ئابرۇي! بۇ ئىككىسى كىمنىڭ قولىدا، بۇ ئىككىسى كىمدە روناق تاپقان؟ ئىنسانلارنىڭ مېھنەت قىلىش ئەلمىساقتىن تارتىپ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن قىسمەت. لېكىن، شۇ مېھنەتتىن بەخت گۈلىنى ئېچىلدۈرۈش پىلەكتە ئەمەس، بەلكى تىلەكتە! رابىيەنىڭ بەخت گۈلى تىلىكىم بىلەن جابىر بېگىمنىڭ قولىدا ئېچىلىدۇ. يالغۇز ئۇنىڭلا ئەمەس،

مېنىڭمۇ ۋە سېنىڭمۇ!

ياقۇپنىڭ خىيالىدا تۇنۇگۈندىن بېرى جابىر بىلەن قىلىشقان پىلان، ھەميانغا قاچىلانغان پارقىراق كۈمۈش ـ تىللا، زامانىسى بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئېسىل زىبۇ زىننەت، كىيىم ـ كېچەك، مۇھىمى سالاپەت بىلەن ئەل ئارىسىدىكى يۇرۇش ـ تۇرۇش ھۆكۈمران ئىدى، رابىيە بۇنى ئېنىق بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاتىلىق مېھىر بىلەن ئۆز جىگەر پارىسىنىڭ قەلبىگە نەزەر سېلىشنى، شۇ مىزان بىلەن ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ياقۇپ ئۆز سۆزىدە مەھكەم تۇرۇپ، جابىر بىلەن ئەھدىلەشكەنلىكىنى ئىزھار قىلاتتى.

ــ رابىيەدەك نۇرلۇق ياقۇت، ياق! ئانىلىرىمىزغا بەخت ياغدۇرغۇچى خاسىيەتلىك گۆھەر جابىر بىگىمدەك ئالتۇن ئۇزۈككە لايىق. ئۇ ئاشۇنىڭدىلا قەدرىنى كۆرسىتەلەيدۇ. ئاشۇنىڭدىلا نۇرلىنالايدۇ؛ ئېيتقىنكى، ئىبراھىم ئىككىنچىلەپ بوسۇغىمىزغا دەسسىگۈچى بولمىسۇن!

رابىيەنىڭ بېشىدا چېقىن چاققاندەك بولدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى. بېشى پىررىدە قېيىپ، دىرىڭگىدە ئارقىسىغا ئۆچۈپ كەتتى، دەھلىزدىكى بۇ دەھشەت قورقۇنچلۇق ئاۋازنى ئاڭلىغان ئانا بىلەن دادا يۈگۈرۈپ دەھلىزگە چىقتى. ئىككىيلەننىڭ ئالدىدا جۈپ ۋۇجۇدقا بىنا بولغان ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ تۆرەلمىسى ھايات ئاچىلىدا ئاتا ـ

ئانلىق مېھرىگە تەلمۈرۈپ ھوشسىزلىنىپ تىترەپ ياتاتتى. ئانا جىگەر پارىسىغا ئۆزىنى ئاتتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئايلىنىۋاتقان ئانلىق مېھىر باغرىدىكى ھەسرەت ـ نادامەت قاپقاقلىرىنى شىددەت بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ بىر جۈپ چەشمە ئارقىلىق رابىيەنىڭ مەڭزىگە ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى. ئۇ ئەلەم بىلەن ھەسرەت تۆكەتتى، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن زامانىنىڭ، ياق، زامانىنى ئۆزگەرتكۈچى ئادەملەرنىڭ بىغۇرۇۋەتلىكىدىن زارلىنىپ يىغلايتتى، ئاچ كۆزلۈكنى، نەپسانىيەتچىلىكنى، مەنمەنچىلىكنى ئادەملەر ئارىسىغا تاشلاپ ئۇنى خۇددى غالجىر ئىتلار تاپ تالاشقاندەك تالاشقا سېلىپ قويغان پەلەكنى قارغاپ يىغلايتتى، ئاشۇ ئىپلاس تاپ بىلەن جىگەر پارىسىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ ئۇنىڭغا تېگىشكە رازى بولغان ئاتىلارغا لەنەت ياغدۇرۇپ يىغلايتتى، ئىنساپ، سەمىمىيلىكنىڭ قەدرىنى پۇل، ئابرۇيغا تېگىشىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ شەھۋانىي نەپسى ئۈچۈن غۇلام قىلىشقا ئادەتلەنگەن كىشىلەرنى پەلەكنىڭ كۆرمىگەنلىكىگە زارلىنىپ يىغلايتتى. ياقۇپ بۇ تاسادىپىيلىقتىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ھېلىدىن بېرى ئۆينىڭ ئىچىدە بولۇنغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى رابىيەنىڭ باش ـ ئاخىرى تولۇق ئاڭلىغانلىقىنى بىلدى، رابىيەنىڭ سۇنايلىنىپ يېتىشى ئۇنىڭ كاللىسىدا تۇنۇگۈندىن بېرى جابىر بىلەن قىلغان پىلانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر يولىلا يوققا چىقىرىپ، قولىغا ئۆتۈۋاتقان يامبۇ ـ تىللا، ئېسىل زىبۇزىننەت، مۆھىمى كىشىلەر ئارىسىدا كېرىلىپ ـ

كېكىرىپ يۆرىيدىغان ئابرۇيىنى بىر - بىرلەپ يوقاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى، ئۇنىڭ يۈرىكى ئەلەمدىن پۈچىلاندى، رابىيەنىڭ كۆز يۇمۇشى ئۇ ئارزۇ قىلغان بارلىق نەرسىلەرنى نەتىجىسىز خاتىمەلەيدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى - دە، ئەلەم ئارىلاش قورقۇنچ ئىچىدە، رابىيەنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ، ئۆز ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى. ئانىسى ئۇنىڭ چېكە چاچلىرىنى تۈزەپ ئايدەك ھۆسنىنى ئاچتى، ياقۇپ كۆپتىن سوغۇق سۇ ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سەپتى. قارا چىراغنىڭ خىرە يورۇقىدا رابىيەنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ئاستا - ئاستا ئېچىلىپ مېھىر بىلەن قاراپ تۇرغان ئانىغا تىكىلدى، ئۇنىڭ جانسىز لەۋلىرى ئاستا مىدىرلىدى:

— ئانا...

«ئانا» دېگەن بۇ سۆزگە نېمىدېگەن ئۇلۇغ مەنە، نېمىدېگەن يۇكسەك سۆيگۈ، نېمىدېگەن چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت، نېمىدېگەن چوڭقۇر ئېجىللىق سىڭگەن - ھە؟! رابىيە ۋۇجۇدىدىكى پۈتكۈل ئازاب ۋە ھەسرەتنى ئەنە شۇ بىر جۇملە سۆيگۈگە يىغىنچاقلىغانىدى، ئاشۇ بىر جۇملە سۆز ئارقىلىق غەمناك قەلبىدىكى ئەلەم ۋە ھەسرەتنى، قايغۇ ۋە دەردنى بىر يولىلا چىقىرىپ تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا قەلبىدە ئۇزاقتىن بۇيان بىخ يارغان ئۈمىدنىڭ نوتىلىرىنى ياشارتىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ۋۇجۇدىنى سەرپ قىلىپ ئۆستۈرگەن مېھرىبان ئانىسىنىڭ ئاداققى مېھىر بىلەن ئۆز قىزىنىڭ قەلبىدىكى بۇ گۈلنى مېھىر

سۇيىدە تەربىيەلىنىشىنى، ئۇنى ئۆزىنىڭ باغرى دەپ تونۇشىنى، ياۋۇز نىيەت بىلەن تەھدىت ئىشلىتىۋاتقان قارا كۈچلەرنىڭ زورلۇقىدىن ئۇنى قوغدىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

لېكىن، ئانا...

ئۇ ياقۇپقا قارىدى، ياقۇپنىڭ كۆڭلى بىر ئاز تەسكىن تاپقاندەك ئىدى. ئۇ چىراغنى مىيامباز ئۈستىگە قويۇپ قويدى. ياغسىرىغان چىراغنىڭ ئاجىز نۇرى ئۇنىڭ ساقال باسقان چېھرىدە قانداق بەلگىلەرنىڭ بارلىقىنى ئېنىق كۆرسىتەلمىسىمۇ، لېكىن رابىيەنىڭ چېھرىگە قىيا باققان كۆزلىرىدىكى غەرەزنىڭ مەنىسىنى روشەن كۆرسىتىپ تۇراتتى.

...........

ھىممەت كەمىرىنى ئىرادە نوختىسىغا ئۆتكۈزۈپ، ھېسسىيات دۇلدۇلىنى ئۇنىڭ بىلەن مەھكەم چۇشەكلىگەن ئىنسانغا ۋىسال مەنزىلى چۆلدىكى ئالۋۇندەك ئەمەس، بەلكى تۇندىكى قىزىل چىراغدەك ناھايىتى ئېنىق ۋە روشەن كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئۇنىڭدىكى ھايات سەپىرىنىڭ مۇددىئاسىنى ئېنىق ئىلغا قىلىپ ھەربىر ئاچالدا ئېزىقماي ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ھاياتلىقنىڭ ئاداققى چېكىگە قاراپ توختاۋسىز ئىلگىرىلەۋاتقان كۈرمىڭلىغان كىشىلەر ئىچىدە پەقەت يۇقىرىقى پېئىلنى مەقسىتىنىڭ ۋاستىسى قىلغان ئىنسانغىلا نېسىپ بولىدىغان ۋىسال شۇ ئىنساننىڭ بەخت بۆشۈكى، شادلىقى ۋە ھاياتىنىڭ تاتلىقى بولۇپ، ئۇ شۇ ئارقىلىقلا ئۆز ئۆمرىگە ئۆز ئەقىدىسى ئارقىلىقلا مەنە

بىرەلىدىم دېيەلەيدۇ. كىشى جىسمىغا قۇدرەت، ھاياتىغا شۆھرەت ئاتا قىلىدىغان بىرلىك ئۈمىد بىلەن چەمبەرچاس بىرىككەندە ئېنىقكى، ئىنساننىڭ مەنىۋىيىتى تولغۇنلۇققا ئىگە بولۇپ، ۋۇجۇدىدىكى مىسكىنلىكنى تەلتۆكۈس چىقىرىپ تاشلاپ، كۆز ئالدىدىكى ھەرقانداق توسقۇنلۇقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان قۇدرەتنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

رابىيە ئاجىز تېنىدە شۇ خىل كۈچنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بۇ بىرنەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئەقىدىسىدىن قايتىش توغرىسىدا ئاتىسىنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرىگە سەمە بولدى، ئۆزى ئارقىلىق جابىردىن ئائىلىگە، ئاتىسىغا ۋە ئۆزىگە نېسىپ بولىدىغان شانۇ ـ شەۋكەت، ھېسابسىز بايلىق ۋە ئابرۇينى بىر ـ بىرلەپ ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. ئۆزىنى ئېسىل زىبۇ زىننەت، كۆركەم تون ـ سەرپاي ئىچىدە قىياس قىلدى. ئاتىسىنىڭ ئۈنىڭدىن شۆھرەتلىنىپ كىشىلەر ئارىسىدا كىرىلىپ ـ كېكىرىپ جاھاننىڭ لەززەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولغان غالىب تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، لېكىن، رابىيەنىڭ ئاجىز تېنىگە غايەت زور جاسارەت بەخش ئېتىۋاتقان بىرلا نەرسە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى گويا شىددەتلىك بوران توپا ـ چاڭلارنى ئۇچۇرغاندەك ئۇچۇرۇپ تاشلايتتى. ئۇ غەزەپلىنەتتى. بەخت گۈلىنىڭ پەقەت سەئىدىنىنىڭ ھالال مېھنەتكە ئۆگەنگەن بىر جۈپ قولى ئارقىلىق ئېچىلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى، ئۆزى ئەقىدە قىلغان

بىرلىك ئارقىلىق بارلىق توساقلارنى بىتچىت قىلىپ ۋىسال مەنزىلىگە ساغلام ئاتلىنىش ئۈچۈن ئورنىدىن ئۈمىد بىلەن دەس تۇرۇپ كەتتى.

بىتاۋلىقنى ۋۇجۇدىدىكى ئۈمىد بەخش ئەتكەن جاسارەت بىلەن يەتكەن قىزنى ئۆزىنىڭ نەسىھەتلىرىنى قۇللۇق بىلەن قوبۇل قىلدى، دەپ تونۇغان ياقۇپنىڭ تومۇرىدا ئۆز پېئىلىغا مادار بېرىۋاتقان ھەۋەس قايتا جۇش ئۇردى. ئۇ كۆلەتتى، تەنلىرى تېرىسىگە سىغماي خۇشاللىناتتى. شۇ تۇيەيلى ئۆمرىدە بىر قېتىم نەزەر ـ ئېتىبارغىمۇ سېلىپ قويمىغان رابىيەگە مېھرىنى ئايىماي تۆكۈشكە باشلىدى. رابىيە بۇ خىل تاسادىپىيلىقنىڭ ئارقىسىغا قانداق مەقسەتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. ئۇ ھاياتنىڭ مەنىسىنى دادىسى ئېيتقان سۆزدە ئەمەس، بەلكى ئۆزى تاللىغان يولدا ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن چۈشەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئاتىلىق مېھىر بىلەن ئەمەس، بەلكى مەقسەت شوتىسىنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتتى. شۇڭا، ئۇ دادىسىنىڭ بارلىق كۆيۈنۈشلىرىنى، ئىززەت ـ ئىكراملىرىنى ۋە شۇنىڭغا يوشۇرۇنغان مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى بىر يولىلا ئىنزاھاتسىز رەت قىلدى.

ياقۇپ ئۆز جىگەر پارىسىدىن كېلىۋاتقان بۇ خىل ئەلەمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئاھانەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ ئەسە ـ يادى باغرىنىڭ ئاھۇ زارىسىدا ئەمەس، بەلكى يۈرەك دەپ چۈشەنگەن بىر پارچە گۆشنى كۆيدۈرۈۋاتقان ئوتتا ئىدى، ئۇ

ئاشۇ يۇرەك ئۆتكۈزۈلگەن زىخچىنى قولۇمغا ئالسام، ئۇنىڭغا قان تېمىپ تۇرغان يەنە باشقا نەرسىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بوينۇمغا زۇننار سۈپىتىدە ئاسسام دەپ ئويلايتتى. ھوش كاللىسىدا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇ كېچە ـ كۈندۈز شۇ توغرىسىدا ئويلاپ ئاخىر بىر قارارغا كەلدى ـ دە، ئالدىراپ جابىر بېگىم تەرەپكە يول ئالدى.

## ئىلتىجا

ئۈمىد، سەن گويا ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ھاياتلىق تومۇرى! ھەر تەندىكى چۆلدە سۇسىرىغان كارۋانغا ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى ئابىھايات! گويا ھاياتلىق سەپىرىدە ئاچالغا دۇچ كەلگەن يولۇچىغا كۆرۈنگەن نىجات بەلگىسى! گويا ئىنسان مەنىۋىيىتىنى ئاجايىپ يۈكسەكلىككە، تولغۇنلۇققا ۋە قۇدرەتكە ئىگە قىلغۇچى ئالىيجاناب سۆيگۈنىڭ ئاساسى! ئادىمىيلىك نىزامىنىڭ مىزانى بولغان خىسلەتلەرنىڭ پېشۋاسى! سەن ئارقىلىق ئادەمگە ياشاش ئىستىكى روجەك ئاچسا، سەن ئارقىلىق ئاشۇ روجەكتىن ئادەملەرگە تېخى ھېچقانداق ئىز چۈشمىگەن بىپايان مۇنبەت تۇپراق جامال كۆرسىتىدۇ. ئادەملەر پەقەت سەن بەخش قىلغان قۇدرەت بىلەن ئاشۇ كۆز يەتكۈسىز مۇنبەتتە ھاياتلىقنىڭ تۇنجى ئىزناسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ماڭغاندا قەلبىتە ياڭرىغان ھاياتلىق مارشىنىڭ كۈچلۈك مەنىسى پەقەت سەندە ئىكەنلىكىنى

ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، سەن ئۇلۇغۋار خىسلەت بىلەن ئالىيجاناب، يۈكسەك مەقسەت بىلەن بۇ يۈكسەك! بۇ ئىككىسى سېنى مەڭگۈ ئاجراتقىلى بولمايدىغان بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان، بۇ ئىككىسى زىچ بىرىكىپ سېنى گويا قاناتلىق تۇلپارغا ئوخشاتقان. خالىغاندا كۆتۈرۈلسەن چەكسىز ساماغا، خالىغاندا چۆكسەن زېمىن تەكتىگە. سېنىڭ ئالدىڭدا بارلىق توسالغۇ قۇل! سېنىڭ ئالدىڭغا ئېچىلغان كەڭرى يول. سەن ئۇلۇغۋارلىق بىلەن يۈكسەكلىكنى ھاياتلىقنىڭ ئاساسى قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئۇ ساڭا مەنا بېرىدۇ. سەندىكى مەنە، شەكسىزكى ئىنساندىكى مەنە، ئۇ ئاشۇ ئىنسانلاردىكى گۈزەل ئارزۇلار بىلەن زىچ بىرىككەن، ئىنساننىڭ چەكلىك ھاياتىنى چەكسىزلىككە ئىگە قىلغۇچى ئاشۇ ئارزۇ بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىنى تۈپلىككە، ئۇنىڭ مەقسەت بىخلىرىدىن ئارزۇ گۈللىرىنى ئېچىلدۇرىسەن. ئېچىلغان گۈلنىڭ توزۇمىقى تەبىئەتنىڭ قادىر قۇدرىتى بولۇپ، ئۇ ئاشۇ گۈلنىڭ مۇستەقىل جان ئىگىسى ئىكەنلىكىنىڭ مەنىسى. ئۇنى سۈنئىيلىكتىن پەرقلەندۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇللۇقتىن ئازاد ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ ئىلكىسىز مۇستەقىل ھايات مەقسىتى بارلىقىنى كائىناتقا ئاڭلاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى!

ئېھ، ئۈمىد! بەقۇۋۋەتلىكىڭ، قادىرلىقىڭ بىلەن ئىنسان ۋۇجۇدىنى ھاياتلىق ماكانى قىلغانىكەنسەن، ئاشۇ ۋۇجۇدتىكى بىر لوقما گۆشكە خىسلىتىڭ ئارقىلىق «ئادەم» دېگەن نامنى ئاتا قىلغانىكەنسەن، ئاشۇ ۋۇجۇدنى دەقىقىمۇ غەم دېگىزىغا

چۆكتـۈرمـىگـەن. ئـۇ ئاشۇ دېڭـىزنـىڭ تـەھدىتـىـدە زامانىنـىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولغان تاشلاندۇق لاتقىلار ئارىسىدا ئىزسىز يوقـالـمىسۇن. ئـۇنى ھاياتـلـىق ئـاچـىلـىدا قاراڭغـۇ غـاردىـن يىراقلاشتۇرغىن. پىلىلداپ تۇرغان ھاياتلىق شامى پاچاقلىنىپ، تېنى ئـاشۇ قاراڭغـۇلۇقتا قـۇترىغان نـەپسانىيەتنىڭ مەھكۇمى بولۇپ كەتمىسۇن، ئۇنىڭ كۆزىگە نۇر بەر، ھارام بىلەن ھالالنى پەرق قىلالىسۇن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كـۈچ بەر، ئۆز ھاياتىغا ئـۆز پىيئىلى ئارقىلىق مەنە بەرسۇن، ئـۇنىڭغا ئەقىل بەرگىنكى، نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا، نېمىنىڭ ھەقىقىي، نېمىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەلەيدىغان بولسۇن. شۇ ئارقىلىق ئۇ ساختىلىقنىڭ بەختىگە غەزەپ لاۋالىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، پۈتكۈلىنى، بارلىقىنى ۋە ھەممىنى چىنلىقتا، ھەقىقىيلىقتا ئاتا قىلسۇن! ئـۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن چىن قەلبتىن مۇھەببەت قويۇپ، ئۇنى ھاياتلىقنىڭ نىشانى دەپ تونۇيدىغان بولسۇن!

تەننى جانسىز مۇردىدىن پەرقلەندۇرۇپ، ئۇنىڭغا سەزگۇ، ھېس ـ تۇيغۇ ۋە مۇھەببەت ئاتا قىلغان ئىكەنسەن، چىمەنلەر ئىچىدىن بىر گۈلنىڭ ئىشقىنى ئۇنىڭ قەلبىگە كەمەند قىلىپ تاشلىغان ئىكەنسەن ۋە ئاشۇ كەمەند سىققان گۈلنىڭ ئۇرۇقىنى ئۇنىڭ قەلب زېمىنىغا تېرىغان ئىكەنسەن، ئۇنىڭ ئارزۇ گۈلىنىڭ ئېچىلىشىغا، ئاشۇ گۈلنى ئېچىلدۇرۇشقا قـۇۋۋەت بەر! ئۇ ئاشـۇ ئارقىلىقلا « ھە، مەندە خىسلەت بار ئىكەن. ھە، مەندىكى ئۈمىد

مېنىڭ ئادەملىكىمنى ئاشكارىيالايدىكەن» دېيەلىسۇن!

ئىبراھىم ئاكا بامدات نامىزىنىڭ ئاخىرىدا پەقەت شۇنىلا دۇئا سۇپىتىدە چىن قەلبىدىن ئارزۇ قىلدى ـ دە، قوللىرىنى يۈزىگە سۈرتۈپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ سەئىدىن قەلبىدە ئىشق گۈلىنى كۆرگەندىن كېيىنكى كۆڭلىدە غۇۋا ئىزناسىنى كۆرسەتكەن تۇيغۇلارنىڭ پەردىسى يىرتىلىپ ماھىيىتىنى ئاشكارىلىغانىدى. شۇ تۇپەيلى ئۇنىڭ قەلبى پۇچىلانماقتا ئىدى، ئۇنىڭ مۇشۇ كۆنلەردىكى ھالىتى ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبىنى ئۇتۇۋالغان رابىيەنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پۈشتى ئالدىدا بۇ تىرىشچانلىقلىرى بەربىر بولدى. پەرزەنت غېمى ئۈچۈن يېغىدىن ئويغانغان ئىستەك، مېھنەت ئارقىلىق ئۆزئارا چېتىلغان نەچچە يىللىق سۆيگۈ، ماھىللىق ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققان ھايات تاتلىقى، ئورتاقلىق ئارقىلىق ئۆمۈرلۈك ھايات يولىنى روشەنلەشتۈرگەن مۇھەببەت پەقەت بىر ئېغىز سۆز ئارقىلىق ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى سوپۇن كۆپۈكىدەك لىغىرلاپ تۇراتتى، ئۇ سەئىدىنگە بۇ توغرىدا نېمىدەپ چۈشەنچە بېرىشنى، ئۇنىڭ ماھىللىقىنى نېمىدەپ ياندۇرۇشنى، ئۆزى ئارزۇلاپ تاللاپ ئۇندۇرگەن ۋە ئۇنى «ئۆزۈم» دەپ بىلىپ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى سەرپ قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئاشۇ بىر تۈپ گۈلنى ئۇنىڭ قانداق يۇلۇۋېتىشنى زادىلا ئويلاپ يېتەلمىدى. ئەكسىچە جىگەر پارىسىنىڭ خۇناب يۈرىكىنى، بۇلبۇلنى بەئىسكە چاقىرغان

راۋابىنىڭ تىنىماي پىغانلار چېكىپ چاڭىلداپ سايرىشى، مېھنەتكە ئۆگەنگەن زەبەردەس بەدەنىنىڭ خۇددى كۆز ياپرىقىدەك سارغايغان ھالىتى ئۇنىڭ ئاتىلىق مېھرىنى كۈچەيتىپ، جىگەر پارىسىنى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرگەن سەۋدايىلىقىنى باشقا نەرسىلەر ئارقىلىق ئۆزگەرتىش ئىستىكىنى تۇرغۇزدى، ئۇ جىگەر پارىسىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ئاتىلىق مەسئۇلىيىتى بىلەن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈۋاتقان ئىشق ـ مۇھەببىتى توغرىسىدا ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەت پوزىتسىيەسى بىلەن ئۇنىڭ بۇ يولغا كۆڭلىگە ساداقەت ۋە ۋاپادارلىقنى مېھنەت دەپ بىلگەن سەممىمىي دوست سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشقا بەل باغلىدى. شۇنداق قىلسىلا جىگەر پارەم ئالدىدا بارلىق مەجبۇرىيەت ۋە قەرزلىرىمنى ئادا قىلغان بولىمەن، دەپ ئويلىدى ـ دە، ئۇنىڭغا ئىغىز ئاچتى:

— جىگىرىم، ياقۇپ ئەلچىلەرنى قۇرۇق قايتۇرۇپ يۇرت ئالدىدا بىز ئۈچۈن ياخشى قىلمىدى، ئەسلىدە ئۇ ئۇنداق قىلماسلىقى لازىم ئىدى، لېكىن ئۇنى ئۇنداق قىلمىدى، دەپ قاراپ تۇرساق سەن ئۈچۈن ۋە ئائىلىمىز ئۈچۈن تازا ياخشى ئەمەس. ئۇنىڭ شۇنداق قىلغىنىغا يۇرتىمىزدا رابىيە قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىغان نى ـ نى گۈزەل قىزلار بار. سەن شۇلاردىن بىرىنى تاللا، مەن پۇتكۇل ۋەسلىمنى سېنىڭ ئاشۇ بىر كۆنلۈكۈڭگە ئاتاپ قويغانمەن. يۇرتىمىزدىن ياراتمىساڭ، شەھەردىن، شەھەردىن ياراتمىساڭ باشقا يۇرتلاردىن تاللىساڭمۇ

مەيلى. بىز دەرھال توي قىلايلى.
سەئىدىن دادىسىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئىزتىراپقا چۈشتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، دادىسى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا تېخى مۇنداق تېمىلاردا سۆھبەت ئۆتۈلمىگىنىنىمۇ، ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى ئاددىي مەسىلىلەردىمۇ دادىسىغا توغرىدىن ـ توغرا بىر ەر ئېغىز قاتتىقراق جاۋاب بەرمىگەنلىكىنىمۇ ئېسىدىن كۆتۈردى ـ دە، سۆزلەشكە باشلىدى:
ــ مېھرىبانىم ئاتا، مېنى بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز خوشلاشقىن، قەلبىڭدە ئورۇن ئالغان يېگانە گۈلنى ۋاقىتسىز خازاڭ قىلغىن دېمەكچىمۇسىلە؟ راست، ئۇنىڭ يىلتىزى جىسمىمدىن ھالقىپ پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم بىلەن بىللە ۋەدىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكى سىلىگىمۇ ئايان ئەمەس.ئىشەنسىلىكى، ھاياتىمدا پەقەت بىرلا ئىستەكنىڭ قۇلى بولغانمەن. ئۇ بولسىمۇ، ۋۇجۇدلىرىدىن قەلبىمگە كۆچكەن ئەرك تۇيغۇسى ئىدى. مەن ئۇنى خۇددى سىلى مېنى تەربىيەلىگەندەك ئۆستۈرگەن ۋە قاتتىق سىناقلاردا چېنىقتۇرغان. ئەمدى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلسىلىرى ئۆز ئەقىدىلىرىدىن يانغان بىلەن باراۋەر بولامدۇ ـ قانداق؟
ئىبراھىم ئاكا «توۋا» دېگىنىچە ياقىسىنى تۇتتى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆمرىنىڭ ئۇلانجىسى بولسۇن دەپ ئۈمىد قىلغان بۇ پەرزەنتىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بارلىق تۇيغۇ ۋە ئىستەكنى نېرى ـ بېرىسىنى

سۇرۇشتۇرمەيلا مۇشۇنداق بىر زاماندا قوبۇل قىلىپ يېتىشتۇرگەنلىكىگە، ھەتتا ئۇنى ئۆزى قىياس قىلمىغان يېڭى بىر مەزمۇن بىلەن بېيىتىپ جۇلالاندۇرغانلىقىغا ھەيران قالدى. ئۆز قەلبىنى ئاۋۇندۇرغان ئىستەكنىڭ ئوغلىنىڭ قەلبىنىمۇ ئاددىي ئىنزاھات بىلەن چۈشەندۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە چەكسىزلىككە ئىگە قىلغانلىقىنى يەنىمۇ ئېچىكىرىلىگەن ھالدا تونۇپ يەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ سەئدىنىنى مۇشۇ يولدىن ياندۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ياكى بولمىسا، ئۇنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە يۈرىكىنى ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان تەرزدە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:

— ئوغلۇم، جابىرنىڭ كۆزى چۈشكەن ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتمىگىنى يوق. ئىشقىنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈم بىلەن تۈگەيدىغانلىقى ساڭىمۇ ئايان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياقۇپمۇ جابىرغا يېقىن. مەنسەپكە ھېرىس ئادەم. ئۇنىڭ رابىيەنى جابىر بىلەن يۈزبېشىلىقتا تېگىشمەكچى بولغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، بۇنىڭغا جابىرمۇ، ياقۇپمۇ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بوپتۇ. جابىرنىڭ قولىدا ھوقۇق بار. مۇشۇ مەقسىتىنىڭ تۇپەيلى يالغۇز ساڭىلا ئەمەس، ئائىلىمىزگە ۋەيرانچىلىق يەتمىسۇن، رابىيەنىڭ تىزگىنى دادىسىنىڭ قولىدا، رابىيەنىڭ ساڭا ماھىللىقى بولغان تەقدىردىمۇ تىزگىنىنى دادىسىنىڭ قولىدىن ئالماق ئۇنچە ئاسان ئەمەس. مۇشۇ مەقسىتىڭدىن يانساڭ، ئوبدان بالام!

ـــ دادا، چىن سۆيگۈنىڭ ھەرقانداق غالىب زورلۇق ئالدىدىمۇ باش ئەگمەيدىغانلىقىنى، قۇل بولمايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنىڭدا شۇ ھالەت يۈز بېرىدىكەن، ئۇنىڭ سۆيگۈ بولالمايدىغانلىقىنى ماڭا بىرقانچە قېتىم ئۆگەتكەنتىڭ. جابىرنىڭ زورلۇق، بايلىق ئارقىلىق رابىيەنىڭ پاك قەلبىنى قولغا ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋاتىمەن، لېكىن، مەن يەنە شۇنى بىلىمەنكى، رابىيە ئاشۇ ئاددىي نەرسە ئۈچۈن پاكلىقىنى بۇلغىمايدۇ. زورلىق ئالدىدا ئۇنچە ئاسانلا بوي ئېگىپمۇ كەتمەيدۇ. جابىرنىڭ زەھەرلىك تىغلىرى جېنىمغا مالال يەتكۈزۈپ، تېنىمنى پارە - پارە قىلىۋەتسىمۇ، تىلىم رابىيەنى زىكىر قىلىشتىن توختىمايدۇ. ئەگەر ئۇ مېنىڭ ئاشۇ قىلمىشلىرىم تۈپەيلى پۈتكۈل ئائىلىگە ۋەيرانچىلىق يەتكۈزىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك نەپرەت نىشانى تىكلەيدىغانلىقىنى بىلەمدۇ؟

ئىشقتىن ۋاز كېچىش ۋە يەنە قەلبتە ئىشق بولمىسىمۇ ئىشق دەۋاسىنى قىلىش ئاشىقلارنىڭ ئىشى ئەمەس. ياقۇپ ھەر قانچە مەنسەپدار، ھەرقانچە ئابرۇيلۇق بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ھەقىقىي ۋە ساپ، چىن ۋە يەكدىللىق بىلەن لاۋۇلدىغان ئىشق ئوتى قەلبىمدىن رابىيەنىڭ قەلبىگە ئاللىبۇرۇن كۆچۈپ بولغان، ئۇ ئۇنى سەممىيلىك بىلەن قوبۇل قىلغان، ئۇنى ئاسرايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ، ئەگەر ياقۇپ جىگەر پارىسىنىڭ قەلبىنى، مۇھىمى ئىنساننىڭ قەلبىنى ھۆرمەت

قىلمايدىكەن، ئۇمۇ ئاخىر شۇنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ، ئەگەر ياقۇپ ئۆز نىيىتى ئۈچۈن مۇھەببەت رىشتىسىنى ھىجران تىغى بىلەن كىسىۋېتىدىكەن، ئۇ ھالدا شۇنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن يېتەرلىك ۋىسال قۇچىقى بولالايدۇ، بۇنىڭدىن كېلىدىغان شادلىققا جابىرمۇ، ھەتتا ياقۇپمۇ ۋاسىل بولالمايدۇ.

سەئىدىن شۇلارنى دېگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئىبراھىم ئاكا ئۇنىڭ نەگە بېرىشىنى سوراشنىمۇ ئۇنتۇدى ۋە خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى، ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ ئالدىدا، ياق، ئۆز ئەقىدىسىنىڭ ئوغلىدىن چاقنىغان زاھىرەن كۆرۈنۈشكە نېمىدەپ ۋەز ئېيتىشنى، نېمىدەپ ئۇنى بەزلىشىنى، نېمىدەپ يەنە ئۇنى بۇ يولدىن قايتۇرۇشنىمۇ بىلمىدى. ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدە سەئىدىنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەت ۋىسالغا يېتىش بىلەن تەسلىم بولۇشتىن ئىبارەت كەسكىن رىقابەتنىڭ قايىنىمىغا دۇچ كەلگەندى. ئەگەر ئۇمۇ شۇنداق پەيتتە سەئىدىنگە يەنە قاتتىقراق ياكى يۇقىرىقىلاردىنمۇ لەززەتلىك بولغان شېرىن - سۇخەنلىرى بىلەن ئۇنى ئىرادىسىدىن قايتۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ھاياتلىق شامى ئۆچۈپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يامان ئاقىۋەتنىڭ نەتىجە بېرىدىغانلىقى ئايان ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۈمىد ۋە ئىشەنچ تەسلىم بولۇش ئەمەس، جان تىكىپ ئېلىشىش بىلەن، جان بېرىش ئەمەس، ئاداققى كۈچ بىلەن تىركىشىش، پۇل - مال، يۈز - ئابرۇي بىلەن ئەمەس، بەلكى ھالال مېھنەت ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى ئۇ ئۆزى ئوبدان بىلەتتى،

شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئىگە بولماي تاشلىۋېتىش مۇمكىنمۇ؟
ئىبراھىم ئاكا ئۆيدىن سىرتقا چىقتى. سەئدىن كەتمەننى دولىسىغا سالغان پېتى راۋابنى چالغان پېتى ئىتتىز تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ئىبراھىم ئاكا سەئدىنىڭ ھەربىر زەخمەك ئۇرۇشلىرىدىن خاتىرجەملىك، ئىشەنچ ۋە جاسارەتنىڭ يارقىن ئىپادىلىرىنى كۆرگەندەك بولدى، دىلىغۇللۇق ۋە ئىشەنچسىزلىك ئەمدى ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك يات بولغاندەك؛ بارلىق نەسىھەت ۋە يالۋۇرۇشلار ئەمدى ئۇنىڭغا قىلچە ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى، ئۇ چوڭقۇر بىر تىنىدى ـ دە، قەلبىدە ۋىسالنىڭ ئوغلىغا تالىق بولۇشىنى تىلىدى.

## نۇر يورۇتسۇن قاراڭغۇلۇقنى

ئايۋان ـ سارايلىق ئازادە ئۆينىڭ تۆر تەرىپىدىكى كىچىك خانا ئادەتتىن تاشقىرى جىملىقتا چۆمگەنىدى. ئۇزاقتىن بۇيان پىچىرلىشىپ سۆھبەتلىشىۋاتقان يوچۇن ئىككى گەۋدە قېلىن پەردىلەر بىلەن دېرىزىلىرى مەھكەم ئېتىۋېتىلگەن بۇ ئۆيدىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆككەن بولۇپ، روخسەتسىز بىر ئادەمنىڭ كىرىشى مەنئى قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۆيگە چىراغ يېقىلمىغانىدى. يامان ئىشلارغا ھامان ھامىيلىقنى ئايىماي كېلىۋاتقان قاراڭغۇلۇق كائىناتنى يورۇتۇۋاتقان قۇياشنىڭ زېمىن ئۈستىدىكى ئاداققى نۇرلىرى ئۈستىدىن شىددەت بىلەن ئۆي ئىچىگە باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى.

قاراڭغۇلۇق، ئەي قاراڭغۇلۇق!

ئادەم جىسمىنىڭ تۇپراق بىلەن مەڭگۈلۈك بىرىكىشىنى ئاللا سېنىڭ قوينۇڭدا ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغانلىقىغا دىلىمدىن تەستىق سالغانىدىم. لېكىن، سېنىڭ كىشىلەرنىڭ جىسمىدىن ھالقىپ روھىي ھالىتىنى، ياق، ئۇنىلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ روھىي ھالەتكە مادار بەرگۈچى مەنىۋىيىتىنى باشقىلاردىن يوشۇرۇپ ئۇنى نىقابلايدىغانلىقىڭنى ئويلاپ يېتەلمىگەنىكەنمەن. ئۇلار بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە نېمىلەر ئۈستىدە پىكىرلىشىۋاتىدىغاندۇ؟ قانداق پىلانلارنى تۈزۈۋاتقاندۇ؟ ئىنسانىي گۈزەللىككە باشلايدىغان، مەنىۋىيىتىنى تولغۇنلۇققا ئىگە قىلىدىغان، ئۇلارنى ئۆزئارا بىرلىككە ۋە ھەمدەملىككە يېتەكلەيدىغان گۈزەل ئارزۇ ۋە ئارمانلار ئۈستىدە پىكىرلىشىۋاتامدىغاندۇ ياكى يۇرتىنىڭ گۈللىنىشى، ئەلنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئاجايىپ يۈكسەك ئۇلۇغۇۋار پىلانلار ئۈستىدە سۆھبەتلىشىۋاتامدىغاندۇ؟ ياق ـ ياق! بۇنداق ئىستەك، بۇنداق تۇيغۇ ھامان خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش گۈزەل پىكىرلەرنى قۇۋۋەتلەيدىغان تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ماكان قىلىدۇ. ئۇ ھامان ئەل بىلەن، ئەل ئارىسىدىكى بارلىقىنى ئەلگە، ۋەتىنىگە بېغىشلىغان باھادىرلارنىڭ مەردلىكتىن مەنە ئىزدەيدىغان؛ شىجائەت، كۈچ ۋە جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بەقۇۋۋەت ھاياتىي پىكىرلىرى بىلەن زىچلىقنى ۋە بىردەكلىكنى يوقاتمىغان ئاساستا بىرلىككە كېلىدۇ. بۇ قاراڭغۇلۇق، بۇ

تىمتاسلىق گويا مۇشۇكتىن قورقىان چاشقاندەك قاراڭغۇلۇقتا بىپكىنىۋېلىش قانداقمۇ ئەنە شۇنداق گۈزەل ئارمانلارنى تۇغدۇرالىسۇن؟

ھەرقانداق ئىدراكلىق تەن بۇ ھالەتتىن ئىزگۈ بىر خىيالنىڭ كۆڭلىگە شولا چۈشۈرىدىغانلىقىغا گۇمانسىرايتتى.

ۋاقىت شامدىن ھالقىپ خۇپتەنگە ئۇلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقى يوچۇن گەۋدىلەر ئۆزىنى پۇتۇنلەي خىرامان ھېس قىلىپ، چىلىمنى بولۇشىچە سۈمۈرمەكتە ئىدى. قاپاقتىن يانغان سۇنىڭ ھەربىر خورىلدىشى گويا مەرگەننىڭ مىلتىقىغا توغرىلانغان قاۋان توڭگۇزنىڭ جان تالىشىۋاتقان ھالىتىنى ئەسلىتەتتى. ئۇلار شۇ ھالەتنىڭ يەنە قانچىلىك داۋاملىشىشىنى ئويلاپمۇ يېتەلمەيتتى. پىكىر ـ خىيال ھامان ئۆز تۇيغۇلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بىرلا ئارزۇنىڭ تېخىمۇ تاكامۇللىشىشىنى ئىزدەيتتى. نۆۋەت بىلەن ئېغىزغا تېگىۋاتقان چىلىم نەيچىسى ئىشتىھا بىلەن سۈمۈرۈلگەن قويۇق ئىسنى ئوخشىمىغان ئىككى گەۋدىنىڭ ئىچىدە تىپىرلاپ تۇرغان ئۆپكىگە ئوخشاش يەتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئېلىنىۋاتقان ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ۋە ئۇ بەخش قىلىۋاتقان پىكىر تۇيغۇسى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ئەنە، ئاۋۇ ياستۇققا يۆلەنگىنىچە يانپاشلاپ ياتقان سېمىز گەۋدە نەيچىنى ھەربىر ئېغىزغا ئېلىپ بارغاندا گويا دوزاخنىڭ ئوتىنى ۋۇجۇدقا تۇتاشتۇرىدىغاندەك كۈچ بىلەن سەيخاندىكى ئوتنى لاۋۇلدىتىپ، ھەربىر نەپەستىن

باشقىچە بىر نەپەسنى تۇرغۇزاتتى.

ــ ئەگەر يۇزبېشىلىقنى ئۇنىڭغا بېرىپ قويسام، قولۇمغا سانىلىۋاتقان نەخ تىزىدىن قۇرۇق قالامدىمەن ـ قانداق؟ هازىرقى يۇزبېشىنى ئېلىپ تاشلايمەن، دەپ، بىرلا پەرمان چۈشۈرسەم، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ماڭا قانچىلىك ئىلتىپات كۆرسىتەر؟ ئەگەر ئۇنى رەسمىي تۇستە ئېلىپ تاشلاپ، باشقا بىرسىنى دەسسەتسەمچۇ؟ ياق ـ ياق! يېتەرلىك پۇل ـ مال، بىسات بار! قايسىسىنىڭ مانا مېنىڭدەك گۈزەل قىزى بار؟

ئۇ ئىنتىزارلىق بىلەن تەلمۈرۈۋاتقان يەنە بىر گەۋدىنىڭ چىلىمغا ئۇزىتىۋاتقان قوللىرىنى بىكار قالدۇرۇپ نەيچىنى يەنە بىر قېتىم ئاغزىغا ئېلىپ، باردى. سەيخاندىن لاپ قىلىپ يانغان گۈلخان ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تىكىلگەن كۆزلىرىنى ئېنىق كۆرسىتەتتى، ئۇ ئۆزىگە تىكىلگەن كۆزدىن ئۆزىگە پايدىلىق يەنە بىر مەزمۇننى تاپقاندەك بولدى ـ دە، چىلىمنى قايتىلاپ شوراشقا باشلىدى؛ قىز، گۈزەل قىز! يۇز بېشىلىق! يۇزبېشىلىقنى ئۇنىڭغا بەرگىنىم بىلەن تىزگىن مېنىڭ قولۇمدا. باغرىمغا بېسىپ ئاجايىپ تاتلىق لەززەت بېرىۋاتقىنى نېمە؟ ۋاھ ـ ۋاھ! ئۆمۈرنىڭ مۇشۇ چېغى قىز بىلەن ئىشرەت قىلىش ـ هە؟! ئوتنى ئوتقا ياقمىسا ئۇنى سۇغا يېقىش كېرەكمىدى؟ ئۇ ماڭا راهەت ھەدىيە قىلىۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭغا ئاشۇ قۇرۇق ئۇستىخاندىن ئازراق تاشلاپ بەرسەم نېمە بوپتۇ؟ بۇمۇ كەڭ قورساقلىق ـ دە!

ئۇ خىيالىدىن شۇلارنى كەچۈرۈپ، نەيچىنى قارشى تەرەپكە ئىرغىتتى. ئىنتىزارلىق بىلەن نەيچىنى كۈتۈۋاتقان تەن ئۇنىڭ بىرنەچچە قېتىم سومۇرۇلگەندىن كېيىن ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىغا خۇشاللىنىپ، ئۆزىگە بىر بەختنىڭ ئالدىنى قىلغانلىقىنى سېزىپ يەتكەنىدى. دېمىسىمۇ ئۇ ئۆتكەن قېتىم مۇشۇ كىشى بىلەن مۇشۇ ئۆيدە تاكى تاڭ ئاتقۇچە پاراڭلىشىپ ئۆز قىزىنىڭ رەسىدە ھالىتىگە يەتكەنلىكىنى ۋە ئۇنى بۇ كىشىگە ھەدىيە قىلىش مەقسىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقاندا، شۇ تۇپەيلى ئۆزىگە نېمىلەرنى نېسىۋە سوپىتىدە ئىنئام قىلغۇسى بارلىقىنى ئۇقالماي تېڭىرقاپ قالغانىدى. بىرنەچچە قېتىم يۈزبېشىنىڭ قىلغان يوقىلاڭ ئىشلىرىنى باھانە قىلىپ ئۇنى ئالماشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغانلىقىنى ئازراق يورۇتۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئېنىق بىر جاۋاب ئالالمىغانىدى. مانا، بۈگۈن دىگەردىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سۆھبەت قىسمى مۇشۇلار بولدى. دەسلەپتە ئۇ ئۆز مەقسىتىنى ئېنىق ئۇقتۇرالمىغان بولسىمۇ، كەيپىنىڭ كۆچىمۇ ياكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە چىرايىنىڭ ئېنىق ئىپادىسىنى يوشۇرۇش يۈزىسىدىنمۇ، ئىشقىلىپ كۆڭلىدىكىنى ئېيتىۋاتقانىدى. ئۇ چىلىمنىڭ ئۆزىگە يانغانلىقىدىن كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنىڭ مۇقىمدالغانلىقىغا ئىشەندى ـ دە، كۆڭلى باشقىچە ئەمىن تېپىپ، ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاۋۋالقى ھالىتى ئەمەس، قامچا ئۇرۇپ ئات ئوينىتىپ مېڭىۋاتقان

ھەيۋەتلىك بىر كىشىنىڭ غالىب سىماسى گەۋدىلەندى. ئولتۇرۇش ـ قوپۇش، توي ـ تۆكۈنلەردىكى تۆر، ئىسىل نازۇ نېمەت، قول قوۋۇشتۇرۇپ «غوجام» دەپ بوي ئېگىلىپ تۇرغان كىشىلەرنى مەنسىتمەي مېڭىۋاتقان تەكەببۇرانە گەۋدە زاھىر بولدى. پەقەت ۋە پەقەت ئاشۇ بىر تال قىز ئاتا قىلىۋاتقان ئىسىل تون ـ سەرپىپاي، ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان ئاقچا ـ يامبۇ بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى. ئۇ ئۇھ! دېدى ـ دە، ئۆزىنىڭ ئەمدى ھاردۇقى چىققانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى، لېكىن قارشى تەرەپتىن بۇ توغرىدا بىر ئېغىز جاۋاب چىقماي تۇرۇپلا بۇنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى قانداق مۇقىملاش مۇمكىن؟ ئۇ يەنە تېپىرلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ تېزراق ياستۇقتىن باش كۆتۈرۈپ مۇشۇلار توغرىسىدا كۆڭۈل توختاتقۇدەك بىرەر ئېغىز جاۋاب بېرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. بىراق، ئۇنى نېمىدەپ بۇ ئىش توغرىسىدا ئېغىز ئاچۇرۇش مۇمكىن؟ ئەگەر ئۇنىڭغا توساتتىنلا مۇشۇلار توغرىسىدا ئېغىز ئاچىدىغان بولسا، بىر ئاچچىقى بىلەن كۆتكەنلىرىنىڭ بارىنى يوق قىلىۋەتسە ياكى ھېچبىر گەپ ـ سۆزسىزلا «قىزىڭ ماڭا لازىم» دېسە، «ياق» دېيىشكە تىل بارامدۇ؟

ئۇ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. قانداق قىلىپ ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇش توغرىسىدا كۆپ ئويلىنىپ، ئاخىر بىر چارىنى ئويلاپ تاپتى ـ دە، ئۆز ـ ئۆزىگە سۆيۈنۈپ ئېغىز ئاچتى:

— شەھەردىكى سىپىل ھاشىرىغا ئادەم كەپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم، بېگىم! بىزنىڭ بۇ يۇرتلاردىنمۇ ھەقاچان ...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى قارشى تەرەپىنىڭ جاۋابىغا قويۇپ ئۈزۈپ قويدى.

— ھە، ئېسىمگە سېلىپ ئوبدان قىلدىڭىز ياقۇپ ئاخۇن، پات يېقىندا يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە ئادەم شەھەردىكى سېپىل قۇرۇلۇشىغا ماڭىدۇ، — ئۇ ئورنىدىن سەل مىدىرلىدى ۋە گەۋدىسىنى ياستۇقتىن ئېلىپ، چازا قۇرغىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇنداق زور ئىشتا ھۆكۈمەتكە سادىقلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئادەم، تەمىنات، سوۋغا - سالام قاتارلىقلاردا كاتتىلارنىڭ ئالدىدىن ئوبدان ئۆتمىسەك بولمايدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئونبېشىلار ئوبدان كۈچ چىقىرىشى كېرەك. سىلەر ئونبېشىلارنىڭ قولىدىكى ئادەم، مال - مۈلۈك قاتارلىقلارنىڭ سانىنى يېپىدىن يىغىنىسىغىچە ئىگىلىسەڭلار بولىدۇ. بۇ ئورنىمىزنىڭ، ئابرۇيىمىزنىڭ مۇشۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىشىڭلار كېرەك!

ياقۇپنىڭ تېنى شادلىقتىن يايراپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆملەپ بېرىپ قارشى تەرەپنىڭ پۇت - قوللىرىنى سۆيۈپ، ئۇنىڭ پېشىدا ئىغناپ يايرىغۇسى كەلدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا ئۇ كۆتكەنلىرىنى تولۇق ھەدىيە قىلغانىدى. ئۇ ئەمدى يالغۇز قىزىنىلا ئەمەس، بەلكى بارلىقىنى ئۇنىڭغا قۇل قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمىسە بولامدۇ؟

ئۇ ئورنىدىن تۇردى. ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ قەددىنى پۈكۈپ بىرنەچچە قېتىم تەزىم قىلدى ۋە رەھمەت دېگىنىچە تىزلىنىپ ئولتۇردى:

— ئىلتىپاتلىرىغا مىڭ مەرتىۋە تەشەككۈر بېگىم. قاقشال بولۇۋاتقان تېنىمگە ھاياتلىق شەربىتىنى تامدۇرۇپ جېنىمنى ئاجايىپ سۆيۈندۈردىلە. خىزمەتلىرىگە بەجانىدىل تەييارمەن. بۇ يولدا ھەتتا بېشىمنىڭ كېتىشىگىمۇ رازى مەن.

ئۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قايتىلاپ باستى ـ دە، يەنە ئېگىلىپ سالام قىلدى. قارشى تەرەپنىڭ ئېغىر گەۋدىسىدە غالىب بىر روھىي كۈچ ئورۇن ئالغاندەك بولدى. ئۇ بىر قېتىم كېكىرىۋەتتى ـ دە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ؛

— بۇ ئىشتا كىم بويانتاۋلىق قىلسا، ئەدىپىنى ئوبدان بېرىش لازىم. بىرىنىمۇ بوش قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ، — دېدى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە مۇشۇ تېما ئۈستىدە خېلى ئۇزۇن مۇڭداشتى. ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ياقۇپ بۇ ئورۇندا يەنە قانچە ئۇزۇن تۇرۇشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، لېكىن ۋۇجۇدىدىكى خۇشاللىق ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قەلبىدىكىنى ئايالىغا يەتكۈزۈشكە ئالدىراتتى. لېكىن، ئۇ بۇ ئورۇندىن رۇخسەتسىز قانداقمۇ چىقىپ كېتەلىسۇن؟ ئۇنىڭ كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە بىر خىيال يالت قىلىپ ئۆتتى. ئۇ مۇشۇ ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىگە ئەپلىك پۇرسەت يارىتالايدىغانلىقىغا ئىشىنەلەيتتى.

— بېگىم، خوپتەن ۋاقتى بولۇپ قالدى. شام بىلەن خوپتەننى بىرلا ئادا قىلىۋەتسەكمىكىن، تاھارەت يەڭگۈشلەملا ياكى...

— نېمە، خوپتەن؟ خوپتەن بولسا نېمە بوپتۇ؟ — ئۇ قولىدىكى چىلىم نەيچىسىنى يەنە ئاغزىغا ئېلىپ باردى ۋە قاتتىق بىر شورىغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇردى، — ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام، دېگەن گەپ بار. تاماق كەلتۈرسۇن، تاماق! — ئۇ يانپاشلىغىنىچە مىدىرلاپمۇ قويماي شۇ گەپنى دېدى. ياقۇپ ئورنىدىن قوپتى ۋە ھايال بولماي بىر ئايال بىللە ئۆيگە كىردى. ئايالنىڭ قولىدىكى تارىشىدا يېنىۋاتقان سۈس ئوت يالقۇنى ماموق ياستۇقتا يۆلىنىپ ياتقان سىمىز گەۋدىنىڭ گۆشلۈك يۈزىنى ۋە ئۆينىڭ تاملىرىغا تارتىلغان گىلەم ۋە دېرىزىلەرنىڭ قېلىن پەردىلىرىنى بىر قۇر يالاپ ئۆتتى. ھېلىدىن بېرى ئۆي ئىچىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قاراڭغۇلۇق ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىغا قاچقاندى. ئايال ناھايىتى ئاۋايلاپ ماڭغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن كۆڭلى ئاينىپ مىجەزىنىڭ غەلىتە ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ لېۋىنى مەھكەم چىشلەپ تارىشىدىكى ئوتنىڭ يورۇقىدا مىيامباز ئۈستىدىكى قارا چىراغقا قول ئۇزاتتى - يۇ، چىراغنى تۇتالماي، قولىدىكى كۆيۈۋاتقان تارىشا بىلەن گىلەم ئۈستىگە يىقىلدى. ئۇنىڭ چاچلىرى كۆيمەكتە ئىدى.

— ھۇ ھارام تاماق مەرەز! گىلەمنى كۆيدۈردى. قېنى سەن،

ماۋۇ قانجۇقنى سىرتقا تاشلا، بىر چىراغنى ئوڭلاپ ياقالماي بۇ ئۆيدە نان يەيمەن دەپ يۈرگىنىنى قارىغىنە بۇنىڭ ؟!

سىمىز گەۋدە ئورنىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە ئايالنىڭ ئوڭ ـ سولىغا قارىماي تېپەتتى. ئۆينىڭ ئىچىنى يەنە قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

ئايال ئۆينىڭ ئىچىدىن تارىغان چىلىمدىن تارىغان بەتبۇي بىلەن كۆڭلى ئېلىشىپ هوشسىزلىنىپ يىقىلغانىدى. ياقۇپ ئۇنى خۇددى ئىتنىڭ ئۆلۈكىنى سۆرىگەندەك سۆرىدى ـ دە، دەهلىزگە ئاچىقىپ تاشلىدى.

خېلى هۆسنى بار دەپ يۈرسەم، قارىمامدىغان ئۇنىڭ دۆتلۈكىنى. قېنى سىلەر، چىراغ ياندۇرۇڭلار!

بىر خىزمەتكار تارىشىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئېلىپ كىردى، مىيامباز ئۇستىدىكى قارا چىراغنىڭ پىلىكىنى تارتىپ ئۇنىڭغا تۇتاشتۇردى، قارا چىراغدىن يانغان ئوت يالقۇنى ئۆينى ئاستا ـ ئاستا يورۇتتى، ئەمدى ئۆيدىكىلەرنىڭ چىرايى بىر ـ بىرىگە ئېنىق كۆرۈنمەكتە ئىدى.

ئەنە، ئۇيانىدىن بۇيانغا قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ مېڭىپ يۈرگىنى مۇشۇ يۇرتنىڭ ۋە مۇشۇ بايلىقنىڭ ئىگىسى، بۇ يۇرتنىڭ كاتتىسى جابىر باي. ئۇنىڭ قولىدا مۇشۇ يۇرتنىڭ بەلگىلىك مەنسىپى بار، قولى ئۇزۇن، هۆكمى كەسكىن. شۇڭا، ئۇنىڭ تىلى سىپايىلىكتىن قالغان. يەنە بىرسى ئۇنىڭ هەربىر قەدەملىرىگە، هەرىكىتىگە، چىرايىغا ۋە ئۇنىڭدىكى

ئۆزگىرىشلەرگە ئىنچىكىلىك ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلىپ تۇرغان ياقۇپ، ئۇ ھېلىدىن بېرى ئۇنىڭ چىرايىنى يورۇقتا كۆرۈشكە تولىمۇ ئىنتىزار بولغانىدى. ھېلىمۇ ھەم ئۇنىڭدىن يەنە قانداق گەپلەرنىڭ چىقىشىغا ئىنتىزارلىق بىلەن تەلمۈرمەكتە.

— نېمە قاراپ تۇرسەن، ئۇ ئۆلگۈرنى ئاتا - ئانىسىغا ئاپىرىپ بېرىڭلار! بېگىمنىڭ خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى دەڭلار!

— كىيىم - كېچەكلىرىنىمۇ قوشۇپ ئاپىرىپ بېرەمدۇق ياكى؟

خىزمەتكار قولىنى قوۋۇشتۇرغىنىچە تەزىم بىلەن ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.

— قەرزلەرنى قانداق قىلىدىكەن، سەن تۆلىشەمسەن؟ بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۆيدىكى كىشىلەر نېمە كىيىدۇ؟

— خوپ!

خىزمەتكار چىقىپ كەتتى، ياقۇپنىڭ كېلىدىن بىر پارچە ئوت كىرىپ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ تاپىنىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان تىكىلگەن كۆزىنى جابىردىن ئۇزدى ۋە سۆكۈتكە چۆمدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ قىسمەتكە دۇچار بولغان ئائىلىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ھەتتا ئۇنىڭ يەتتىنچى خوتۇن ئۇستىگە نىكاھلىق بولۇپ بۇ ئۆيگە كىرگەنلىكىنىمۇ بىلەتتى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭمۇ بىر يۇرتنىڭ مىرابلىقىنى دەپ بۇ

قىزنى ئۆنىڭغا سوۋغا سۈپىتىدە ھەدىيە قىلغانلىقىنى، كېيىن بىر قېتىملىق ھاشاردا يار ئېلىپ قاچقان جاينى پۇختا ئەتمەيسەن دېگەن باھانە بىلەن يامۇلغا سولانغانلىقىنى ۋە شۇ سەۋەبلىك ئۆننىڭ مىرابلىقىنى باشقىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى، ھېلىقى كونا مىرابنىڭ زىنداندا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۆلۈمدىن كېيىن بۇ قىزنىڭ ئۆيدە دېدەك ئورنىدا ئىشلەشكە باشلىغانلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ خىياللار ئۆننىڭغا قانداقتۇر بىر ۋەھىمىنىڭ پۇرىقىدىن ئىس بەرگەندەك قىلىسىمۇ، لېكىن ئۆننىڭ ۋۇجۇد بېغىدا چېچەك ئاچقان بىرلا ئارزۇ ھامان ئۆننىڭ ئۈستىدىن غالىب ئىدى.

جابىر ئورنىغا كېلىپ يانپاشلىدى ـ دە، ياقۇپقا دېدى:

ــ تېگى پەس چۈپرەندىلەرنىڭ كۆزدىن يوقالغىنى ئەۋزەل ياقۇپ ئاخۇن. بۇ ىىكارغا يەيدىغانلارنى باقىدىغان ئورۇن ئەمەس، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ تېگىشلىكىنى تېپىپ قىلىشى شەرت.

ــ دانا پىكىرلىرى كۆڭلۈمگە بىر ئەقىلنى سالدى بېگىم. لېكىن، ئېيتىشقا كۆڭلۈم لال بولۇۋاتىدۇ.

ــ قانداق گەپتى ئۇ؟ ــ جابىر ئىنتىزارلىق بىلەن ئۆننىڭغا تىكىلدى. شۇ تاپتا ياقۇپنىڭ چىشلىرى چۇشۇپ كەتكەن ئاغزىغا گۆشلۈك، يوغان قولىنى كۈچ بىلەن سېلىپ ئۆننىڭ قورسىقىدىكى گەپنى سۇغۇرۇۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. ياقۇپ ئۆچكە ساقىلىنى دىڭگايتىپ جابىرنىڭ قۇلىقىغا يېقىنراق كەلدى ـ دە، شىۋىرلىدى:

— يېقىردەك ئاجىز قۇللىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلماي ئاتىلىق مېھىرلىرىنى يالغۇز قىزىمىز رابىيەگىلا ئەمەس، بەلكى ماڭا ۋە پۈتكۈل ئائىلىمىزگە يەتكۈزۈۋاتىلا. بۇنىڭ ئۈچۈن جان تەسەددۇق بېگىم. لېكىن، شۇ بىر نەرسە كۆڭلۈمگە شۈبھە سېلىۋاتىدۇكى، ئۇنى ۋاقتىدا سىلىگە خەۋەر قىلماي تۇرالمايۋاتىمەن. بۇنىڭ سىلىگە ۋە ماڭا تەھدىت سېلىشى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتىدۇ. يېقىندىن بېرى ئاياغ مەھەللىدىكى ئىبراھىم ئۆيىمىزگە رابىيە توغرۇلۇق ئەلچى كىرگۈزگەنىكەن، ياسىبانىمىزنىڭ رابىيەگە مەيلى بارلىقىنى ئېيتىپ ئادەملىرىنى قوغلىغانىدىم. بىراق، يېقىندىن بېرى يەنە ھېلىقى بەتبەخت تام ئارقىلىرىدا، ئىشىك تۈۋىدە پات - پات قارىسىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالدى. بىر ئىش تېرىپ قويارمىكىن، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن، سىلى شەھەردىن قايتىپ كەلگۈچە شۇ مۇناپىقنى...

— نېمە؟ — جابىرنىڭ گۆشلۈك يۈزىدە خۇددى پاتۇرۇپ قويغاندەك بىر جۈپ سېرىق مارجاندەك پارقىراپ تۇرغان قىسىق كۆزلىرى چەكچىيىپ، كۆز ئېقى چاناقتىن چىققان ياختىدەك ئېنىق كۆرۈندى، ئۇ يانپاشلىغان ياستۇقتىن گەۋدىسىنى زەرب بىلەن دەس كۆتۈردى - دە، ياقۇپقا قاراپ زەردە بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— نېمە قىلغىنى ئىكەن ئۇ بەتبەختنىڭ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ مەسلىھەتىسىز؟ ھېلىقى نان كۈچۈكىنىڭ كەچلىرى چۆمۈچنى

تاراڭشىتىپ يۈرگىنى بىكار ئەمەسكەندە!

— شۇنداق بېگىم! ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق، دېگەندەك، ئۇنىڭدىن بىزلەرگە ۋاپا كەلمەيدۇ. دادىسى ئەبگانىڭ ئۆتكەن قېتىم قىلغان ھۆرمەتسىزلىكىنى تېخى ئۇنتۇپ قالمىغانلا؟

— ئۆلسەممۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ ئۇ مۇناپىقنىڭ قىلغىنى.

— مېنىڭچە...

ياقۇپ جابىرنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلاشقا باشلىدى.

ئۆينىڭ ئىچىنى خىرە - شىرە يورۇتۇپ تۇرغان قارا چىراغنىڭ يالقۇنى بىر نەرسىدىن ئۈركىگەن كېپىكتەك تېزلا ئەلەڭلەپ كەتتى - دە، لاپ قىلىپلا ئۆچتى، ئۆينىڭ ئىچىنى يەنە قاراڭغۇلۇق باستى، ئۇلار ئاشۇ قاراڭغۇلۇقتا بىرنەرسىلەرنى ئۆزئارا پىچىرلاشماقتا ئىدى.

## ئۇ...

غەربكە قىيسايغان قۇياش ئاداققى نۇرلىرىنى ئېگىز - ئېگىز ئۆگزىلەردىن، كۆككە بوي سوزغان سۆۋادان تېرەكلەردىن يىغىپ تاغ ئارقىسىغا مۆكمەكتە ئىدى، كەڭ كەتكەن ئېكىنزار زېمىن قان رەڭلىك شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەن بولۇپ، نەلەردىندۇ ئۇچۇپ كېلىشكەن قۇشقاچلار يول بويىدىكى، مەھەللىلەردىكى

دەرەخلەرگە يىغىلىپ، بىر خىل ئاھاڭدا ۋىچىرلاشماقتا. ئۇزۇنغا سوزۇلغان يېزا يولىدا بىر توپ بالىلار تىزنىغىچە توپا كېچىپ، ئەمدىلاتىن پىشىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئۇجمىلەرگە پۇتكۈل مېھرى بىلەن تىكىلگەنىدى. ئۇلار گاھىدا قوللىرىدا تاش ـ چالمىلارنى ئۇجمىلەرگە ئاتسا، گاھىدا ئۇنىڭ زەربىسىدىن توپىغا چۈشۈپ، كۆمۈلگەن چالا پىشقان ئۇجمىلەرنى تالىشىپ تېرىۋېلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بالىلىق ھاياتىنىڭ غەمسىز چاغلىرى بەخش قىلىدىغان شوخلۇق ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاللاقاياقلارغىدۇ يوقالغان بولۇپ، ھاياتنىڭ مۇشۇ چاغلىرى چېھرىدىن تەپچىپ تۇرىدىغان قىزىللىق ئورنىنى مىسكىنلىك، غەمسىزلىك ئورنىنى بىر ۋاقلىق تۆئىمە ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن بېرىلگەن ئىچى قارىلىق ئىگىلىگەنىدى. ئۇلارنىڭ بىر خىل رىتىمدىكى بۇ پائالىيىتىنى مۇشۇ يولدا كېلىۋاتقان مەپىنىڭ كولدۇرما ئاۋازى بۇزۇۋەتتى، ھەممەيلەن بۇرۇلۇپ مەپە تەرەپكە قارىدى، زامانىسى بويىچە ھەشەمەتلىك ياسالغان ئىككى ئاتلىق مەپە چاڭ ـ توپا توزىتىپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بالىلار چالما ئېتىپ، قېقىۋاتقان ئۇجمىلىرىدىن مېھرىنى ئۈزۈپ، چۇرقىراشقىنىچە مەپىگە ئەگەشتى، مەپە كولدۇرمىلىرىنى جاراڭلاتقىنىچە يېزا يوللىرىدىن ئەگىپ قويۇق دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان بىر مەھەللىگە كېلىپ توختىدى. مەھەللە ئادەتتىكىدىن باشقىچە جانلانغان بولۇپ، ھەر خىل يېڭى كىيىملەر بىلەن جابدۇنغان قىز ـ جۇۋانلار، يىگىتلەر، بالىلار ئۇياندىن بۇيانغا ئۆتۈشۈپ

تۇراتتى. ئۇلار مەيىنى كۆرۈشى بىلەن ھەممەيلەن جىمىمدە بولۇپ مەيگە تىكىلىشتى. مەيىكەش ئاتلارنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى بىر قۇر سىلاشتۇرۇپ تويا ـ چاڭلارنى قېقىۋەتكەندىن كېيىن، مەيىنىڭ لەمپىسىنى كۆتۈردى ـ دە، شۇ ھامان يەنە ئۇنى تاشلىۋېتىپ ئۇدۇلدىكى قوش قانات چوڭ دەرۋازىغا قاردى، دەرۋازىدىن ياقۇپ باشلىق بىرقانچە مويسىپىت كىشىلەر تويىنى يېرىپ مەيە تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ھايال بولمايلا مەيگە يېقىنلاشتى. ياقۇپ مەيىنىڭ لەمپىسىنى كۆتۈرۈپ بەستىگە ماس كەلمىگەن تەزىم بىلەن مەيىدىن جابىرنى قولتۇقلاپ يەرگە چۈشۈردى. جابىر كېلەڭسىز گەۋدىسىنى ياقۇپنىڭ ياردىمى بىلەن رۇسلاپ جامائەتكە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئىشىك ئالدىدا، مەيىنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىغا جابىرغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا پىچىرلاشلار باشلاندى:

ــ بۇ رابىيەنىڭ بولغۇسى كۈيەسى شۇمىكەن؟

ــ قىرىغىنىنى تۈيمايدىغان قانداق مەخلۇق ئۇ؟

ــ نومۇس قىلماي نەۋرىسىدەك بىر قىزغا نەزىرىنى سالغىنىنى قارىمامدىغان بۇنىڭ!

جابىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسلىققا سېلىپ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان كىشىلەرگە قارىدى.

ــ ھارمىغايلا بېگىم، سالامەت يېتىپ كەپلا!

ياقۇپ بىلەن ئىچكىرىدىن چىققان ھەممەيلەن تەڭ جابىرغا

سالام بېرىشتى. ياقۇپ پايپاسلاپ جابىرنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى. جابىر تومپىيىپ چىققان قورسىقى ئۈستىدىن باغلىۋالغان شايى بەلبېغىغا بىر قولىنىڭ باش بارمىقىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەتراپتىكىلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى، ئۇ ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىشى بىلەن سىرتتا كىشىلەرنىڭ پاراققىدە كۈلۈشكەن جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. جابىر دەقىق قەدىمىنى توختاتقان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر يەنە قەدىمىنى ئېلىپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى.

پېشايۋانلىق ئازادە هويلىنىڭ سۈپىسىدا سازەندىلەر هەر خىل سازلىرىنى تەڭكەش قىلىپ بىر خىل ئاهاڭغا ساز چالماقتا ئىدى. تال باراڭ ئاستىدىكى كەڭ سەينادا ئۇسسۇلچىلار جۈپ ـ جۈپ بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن بولۇپ، هويلا ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كەتكەنىدى. هويلىنىڭ بىر تەرىپىدە باللار، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئۇسسۇلغا مەستانە بولغان قىز ـ يىگىتلەر گويا بۇ دۇنيادىكى ئىشلاردىن بىخەۋەر هالدا پۈتكۈل ئىشتىياقى بىلەن ئۇسسۇلغا بېرىلىپ قىزىقىپ كۆرۈۋاتاتتى، جابىر بۇ قىزغىنلىقنى، بۇ كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتنى تالىق، پەقەت ئۆزۈمنىڭ توي شەرىپى ئۈچۈن، دەپ بىلدى بولغاي، مەمنۇنلۇق بىلەن ساقىلىنى سىلاپ زوقمەنلىك بىلەن قاراپ تۇردى، ئۇسسۇلچىلارنىڭ دولا قېقىپ يەڭگىل چايقىلىشلىرى، سازەندىلەرنىڭ مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ بولۇشىغا توۋلىغان

ناخشا ساداسى، پات ـ پات كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئىسقىرتىش ۋە كۈلكە ئۈنىڭ روھىنى خېلىلا كۆتۈرگەندەك بولدى، ئۆمرىنىڭ مۇشۇ چېغىدا ئېرىشىلگەن بۇ خۇشاللىق ئۇنىڭ قەلبىگە بىر سېخىيلىقنىڭ يالقۇنىنى تۇتاشتۇرغاندەك بولدى ـ دە، يانچۇقىدىن بىر تال تەڭگە ئېلىپ ئۇسسۇلچىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. ئۇسسۇلچى ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلمىغاندەك، جابىرغا يالت قىلىپ بىر قاراپ قويدى ۋە ئۇسسۇلىنى داۋاملاشتۇردى، ياقۇپ توپنى يېرىپ جابىرنى ئىچكىرىكى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، جابىر چوڭ گىرۋەكلىك قاما تۇمىقىنى پېشانىسىدىن سەل كۆتۈرۈپ قويدى ـ دە، ياقۇپنىڭ يول باشلىشىدا ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىمام باشلىق بىرنەچچە كىشى ئەگەشتى.

هويلىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى خاس مېهمانخانا، تۆردىن تارتىپ پەگاهقىچە تام ياقىلاپ سېلىنغان قوش قەۋەت يېكەنداز، دېرىزىگە تارتىلغان دەرپەرگە ئېسىلىپ تۇرغان ئېسىل پەردە، تاملىرىغا تارتىلغان ئويتاقاشتەك گىلەم ئۆينى ناهايىتى گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەنىدى، جابىر كۆپ تەكەللۇپ ۋە تەۋۋۇززورلاردىن كېيىن تۆرگە ئۆتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئازنا مەسچىتىنىڭ ئىمامى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن رەت ـ رېتى بىلەن مېهمانلار ئولتۇرۇشتى هەم ئۆزئارا سالام، ئېسەنلىك سوراشتى. ئۆينىڭ ئىچىنى بىر پەسلىك جىملىق قاپلىغانىدى، ياقۇپ ئالدىراش مېهمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئالدۇرغاندىن كېيىن، دەستىخان

سالدى. ئۆينىڭ ئىچىدە ئېغىر ـ ئېغىر پۇشۇلداپ تاماق يېگەن ئاۋازدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. جابىر بىردەمدىن كېيىن قولىنى ئېيتىپ تاماقتىن توختىدى، قالغانلارمۇ قولىنى تارتىشتى. جامائەت بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قاراشقاندىن كېيىن ئىمام سۆز ئالدى:

— جانابلىرىنىڭ ياقۇپ ئاخۇنغا ئوغۇل بولغانلىقلىرى يۇرتىمىز ئۈچۈن تەرىپلىگۈسىز خاسىيەتلىك ئىش بولدى بىگىم، جانابى ھەقتائالا پەرۋەردىگارىم بەندىلىرىگە ھوش ۋە ئەقىل بەرگەن. ئاشۇ ئەقىلنى جايىدا، يولىدا ئىشلىتىشكە قادىر بولغانلارنى يۇرتىنىڭ ئاتىسى قىلىپ تەيىن قىلغان. بۇ، ئەلمىساقتىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىش! جانابلىرىنىڭ پاسىبانلىقىدا يۇرتىمىز كۆكىرىپ، ئەل ـ جامائەت ئامان ـ ئېسەن، تۇرمۇشىمىز خاتىرجەم كېتىۋاتىدۇ، بۇمۇ ھەقتائالانىڭ سىلى ئارقىلىق بىزگە كۆرسىتىۋاتقان ئىلتىپاتى!

— شۇنداق!

— شۇنداق بولمامدىغان!

ئىمامنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ بىرنەچچە كىشى تەڭلا ئېغىز ئاچتى، ئىمام سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— رەھىمى كەڭ، سېخىي ئاللا بىر پەرزەنت ئاتا قىلغاي!

— ئىنشائاللا، شۇنداق بولغاي!

جامائەت ئىمامنىڭ ئىلتىجاسىنى قۇۋۋەتلەپ تەڭلا ئېغىز ئاچتى.

ئاھ، شۇ تاپتا ئىمام پەرزەنتنى قايسى مەنىدە چۈشىنىۋاتقاندۇ؟ پەرزەنت دېگەن ئاتالغۇغا قايسى مەنىدە تەبىر بېرىپ، ئۇنى قايسى تەرزدە چۈشىنىپ، نىمە مەقسەتتە ئاللادىن جابىرغا ئۇنى تىلەۋاتقاندۇ؟ مۇشۇ يۇرتنىڭ مۆتىۋەرلىرى دەپ ئاتالغان ئاشۇ كىشىلەر پەرزەنتنى قايسى مەقسەتتە چۈشىنىپ، ئىمامنىڭ ئىلتىجاسىغا كامىللىق بىلەن ئاۋاز قوشۇۋاتقاندۇ؟ پەرزەنت ــ ئۇ ئىككى يات جىنسنىڭ جۈپلىشىشىدىن ھاسىل بولىدىغان تۆرەلمە ئەمەس! ياكى بايلىقنى كۆز ـ كۆز قىلىپ ئۇنىڭ كۈچى بىلەن سېتىۋالسا بولىدىغان نەرسە ئەمەس ۋە ياكى كېچە ـ كۈندۈز تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپ، ياراتقۇچىسىدىن تىلىسە ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس. ئۇ شۇنداق بىر ئىنسانكى، پەقەت ئىككى ھالال ئىنساننىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا ھاياتلىق بەخش ئېتىۋاتقان ئىنسان مېھرى، بىر ـ بىرىگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى ۋە چىن ئەقىدىنى بىرلىك قىلغان سەممىي سۆيگۈسى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئىككى پاك قەلبتىكى ساپ ئىشق ـ مۇھەببەتنى باتىندا چاقنىتىپ، ھەرىكىتىدە زاھىر قىلالايدىغان قۇدرەت ئۇنىڭدا بار. ئۇنىڭ تېنى ئانىنىڭ پاك باغرىنى سىرغىپ چىققان ھالال سۈتى بىلەن بىنا بولسا، پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئاتىنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئۇنىڭغا ئانىنىڭ مېھرى، ئىللىقلىقى، كۆيۈمچانلىقى، باغرى يۇمشاقلىقى ۋە ھەسەتتىن خالىي كەڭ قورساقلىقى سىڭسە، ئاتىنىڭ باتۇرلۇقى،

چېۋەرلىكى، دانالىقى ۋە ھەممەتنى ئەلدىن ئايىمايدىغان سېخىيلىقى سىڭگەن بولىدۇ. مۇشۇ خىسلەتلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بەرق ئۇرغاندىلا ئاندىن ئۇ پەرزەنت ئاتىسىغا لايىقلاشقان بولىدۇ. جابىردىن بۇنى كۈتۈش مۇمكىنمىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇلاردىن ئۇچقۇن كۆرۈنسە ھېلىلا دەرۋازا ئالدىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ كۆلكىسى كۆتۈرۈلمەس بولار ئىدى بەلكىم!

توۋا! ئىمام بۇلارنى ئۇنتۇدىمۇ ياكى بىلسىمۇ سورۇننىڭ ھازىرەتلىك كەيپىياتى ئۇچۇن زورىغا شۇ ئىلتىجانى قىلدىمۇ، بىلگىلى بولمايتتى، جابىر ئىمامنىڭ بۇ تەكەللۇپلىرىغا بېشىنى لىڭشىتىش بىلەن كۇپايىلەندى، ئۇنىڭ خىيالىدىن ھېلىدىن بېرى چوڭ ئايالى بىلەن بولۇنغان جېدەللەر، ئۇنىڭ رابىيەنى يۆتكەشكىمۇ كەلمەيدىغانلىقى، رابىيە تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنى قارشى ئالمايدىغانلىقى، رابىيە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۆيدە پەقەت ئادەتتىكى دېدەك ئورنىدا مۇئامىلىگە مۇيەسسەر بولىدىغانلىقى ۋە بىرەر يىلغا قالماي ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقىغا ئوخشاش بىرقانچە شەرتلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈۋاتاتتى. شۇنداق ئىكەن، ئىمامنىڭ ئۇنىڭ ئۇچۇن قىلىنغان پەرزەنت ئىلتىجاسى بەربىر ئىدى، ئۇ پاتراق رابىيەنى ئۆيگە يۆتكەپ ئاپىرىپ ھاياتىنىڭ خۇلاسە مەزگىلىدىكى بۇ ئىشرەتتىن ھوزۇرلىنىشنى ئويلايتتى.

ۋاقىت شامغا قىستاپ قالغانىدى، ئىمام جابىرغا قارىدى، جابىر ئىمامغا قېنى باشلىق سىز، دېگەندەك قىلىپ مەنىلىك

قـاردى، جـابـىـرنـىڭ نـەزىـرىدە پـەقـەت ئـادەت ۋە رەسمـىـيـەت يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇ نىكاھنىڭ ۋاقتى بىر يىلـدەك تۇيۇلماقتا ئىدى، ئـىمام گېـلىنى يـەڭگىل بـىر قىرىـۋەتكەندىـن كېيىن ياقۇپقا قاردى.

ـــ قېنى، ياقـۇپ ئاخۇن، نـىكاھ ئـىشلىرىـنىڭ تەيـيارلىقى پۈتكەنمىدى؟

ـــ مانا ھەمـمىسى تـەييار بولـغان، بۇرابـىيەمنـى ئېلىـپلا كىرەي.

ياقۇپ ئورنـىدىن تۇردى ـ دە، تـاشقىـرىقى ئۆيـگـە چىقـىـپ كـەتتى، جابـىـرنىڭ ئـاغـزى تامشـىـپ، لەۋلـىرى لـىپىـلـداپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئادەتتىن تاشقىرى بىر شەھۋانىي ھەۋەس قاپلىـۋالغانـىدى؛ ئەگمە قـاشلىرى ئـارىسىدىكى چاقمـاق كىرپـىكلىـرى ئـارىسـغـا يوشۇرۇنـغـان بۇلاقتـەك كـۆزلىرىـگـە چۆمۈلۈپ، بويىدىن ئىپار پۇرايـدىغان ئاپـپاق ئەۋرىشـىم بەدەنگـە چىرمىشىپ ئۇنىڭ ئالمىدەك كۆكسىنىڭ راھىتىنى سۈرۈش، بال تېمىپ تۇرىدىغان لېۋىدىن كىشى قەلبىنى ياشارتىدىغان مېھرنى سۈمـۈرۈش ... مۇشۇ چېـغىم ئۇچـۇن نېمىـدېگەن راھەت ـ ھـە؟! مانا ئۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە ماڭا تەئەللۇق!

ياقۇپ سـىرتقا چـىقىپ كـېتىپ ئـۇزۇن ئۆتمەي ھـويلـىدىـن ئاياللارنىڭ چىرقىرىغان، بىر ـ بـىرىنى قـالايمىقـان چاقىرغـان ئاۋازى ئاڭـلانـدى، ھويلـىـدىكى سـازەنـدىلەرنـىـڭ ساز ئاۋازىـمۇ ئالـلىبـۇرۇن جـىمـىقـقان بولـۇپ، قـىيقـاس ـ سۈرەن ئىچـىـدە

ياقۇپنىڭ ئايالىنى دۈشكەلەتكەن ئەنسىز سوراق ئاۋازى ئۆي ئىچىگە ئېنىق ئاڭلىناتتى ئىدى.

ــ قىزنىڭنى نەگە يوقاتتىڭ؟ ھە، سەن مۇشۇنداق قىلىپ مېنى شەرمەندە قىلماقچىمىدىڭ؟

ــ ھېلىلا بار ئىدى، ئايشەمخان كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ قويماقچى بولغان، ــ بۇ ياقۇپنىڭ ئايالىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ــ قېنى ئۇ ئايشەمخان؟

ــ ياقۇپ ئاخۇن، بۇرابىيەم ھازىرلا باغقا تەرەتكە كىرىپ كەتكەن، ئارقىسىدىن كىرسەم ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق.

ــ ئەستاغپۇرۇللا، ئەمدى ماۋۇ سەتچىلىكنى قانداق قىلغۇلۇق؟ يۇرت ـ جامائەت ئالدىدا مەن يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرۈيمەن؟ ھازىرنىڭ ئۆزىدە قىزنىڭنى نەدىن بولسا تاپ! ئەگەر تاپالمايدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن.

ــ مەن نەدىن تاپىمەن؟

ــ نېمە دېدىڭ؟

پاراس ـ پۇرۇس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر ئايالنىڭ چىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۆي ئىچىدىكى جابىر باشلىق كىشىلەر بىر ـ بىرىگە قاراشتى. جابىرنىڭ كۆڭلىدە يانغان ئۈمىد شامى لاپ قىلىپلا ئۆچكەندەك، ۋۇجۇدىغا تارىغان شادلىق تۇيغۇسىنىڭ ئورنىنى قاراڭغۇلۇق ئىگىلىگەندەك بولدى، ئۇ دەس ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى، ئۆيدىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھويلىغا چىقتى، ياقۇپ

ئايالىنىڭ چىچىدىن قاماللاپ تۇتقىنىچە ئۇنىڭ بىقىنلىرىغا قالايمىقان تەپمەكتە ئىدى، ئايال ۋايجانلاپ چىرقىراپ يىغلايتتى.

— نېمە ئىش بوپتۇ؟

— نېمە ئەھۋال؟

جامائەت تەڭلا سوئال نەزىرىدە ياقۇپقا قارىدى. ياقۇپنىڭ چېھرىدە ئاھانەتكە دۇچ كەلگەن نومۇسچان قەلبىنىڭ زورلۇق ئالدىدىكى ئاجىزلىق ئالامىتى ئەمەس، بەلكى قولىدىكى تەييار ئولجىنى قاچۇرۇپ قويغان قاراقچىنىڭ ھەسرىتى نامايان ئىدى. ئۇ جابىرغا قاراپ نالىناتتى، جامائەتكە قاراپ ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلايتتى، ئايالىغا قاراپ ئۇنى بولۇشىچە ئۇراتتى، ياقۇپنىڭ زەردىلىك مۇشت ـ تېپىكلىرى بىلەن يىقىلغان ئايال يەردە سۇنايلانغىنىچە ئىڭرايتتى.

جابىر تىت ـ تىت بولغانىدى، ئۇ قولىنى ئارقىسىغا تۇتقان پېتى ھويلىدا ئۇيانىدىن بۇيانغا بىرنەچچە قېتىم ماڭدى ـ دە، ياقۇپنىڭ ئالدىدا توختىدى، ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك ھالەتكە يەتكەن بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت ياناتتى، ياقۇپ جابىرغا تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالماي بەزگەكتەك تىترەيتتى.

— زادى نېمە ئەھۋال بوپتۇ؟

ئىمام تىترەپ تۇرغان ياقۇپتىن سورىدى. ياقۇپ زۇۋان سۈرۈشكىمۇ مادارى يوق تىترىگىنى تىترىگەنىدى. ئىمامنىڭ سوئالىغا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىرەيلەن جاۋاب بەردى:

— بۇرابىيەم قېچىپتۇ!

— قىچىپتۇ؟ كىم بىلەن قىچىپتۇ؟ كىمكەن ئىلىپ قاچقان؟

جامائەت بىر - بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن بېقىشماقتا ئىدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن پەقەت ئۆزلىرى ئاڭلىغۇدەك ھالدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىشاتتى. بىردەمدىن كېيىن ياقۇپ ئۆزىنى سەل ئوڭشىدى - دە، دەرھال جابىرغا نەزىرىنى ئاغدۇردى ۋە كەسكىن قىلىپ:

— بېگىم، سەل تەخىر قىلسىلا، بۇ هارامتاماقنى نەدىن بولسا تېپىپ هازىرلا ھۇزۇرلىرىدا هازىر قىلىمەن.

ئۇ كېيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ دەرھال ئىغىل تەرەپكە ماڭدى، جابىر ئىمامغا قاراپ دېدى:

— ئىماندىن ئاجرىغان، تۈزكورلۇق دېگەن شۇ تەخسىر! بۇ ئىشقا سۈكۈت قىلغىلى بولماس، دەرھال يۇرت - يۇرتقا ئادەم ماڭدۇرايلى، ئېتى بارلار ئات، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىپ ھەر قايسى يوللارنى قامال قىلسۇن، ياقۇپ ئاخۇنغا بىرنەچچە نەپەر بەردەس يىگىتلەرنى قوشايلى، ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن بولسا تاپىنىدىن، يەرگە كىرىپ كەتكەن بولسا كوكۇلىسىدىن تارتىپ دەرھال پەيدا قىلسۇن!

— ئوبدان بېگىم! هازىرنىڭ ئۆزىدە ھۇزۇرلىرىغا ئۇندۇرىمىز.

ئىمام ئەتراپتىكىلەرگە جابىرنىڭ بۇيرۇقىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى، ھەممەيلەن تەرەپ - تەرەپكە يول ئالدى.

ئەتراپ گۆگۆم قويىنىغا كىرگەن بولۇپ، تېخى ئاي تۇغمىغان بولغاچقا، شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدىكى بۇ ۋاقىتتا كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنىمۇ پەرق قىلغىلى بولمايتتى. جابىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بارلىق چاپارمەنلەر ۋە يۇرت ئاقساقاللىرى تەرەپ - تەرەپكە يەنە قايتىدىن ئاتلاندى، ھەممە يەردە كۆتۈرۈلگەن قىيقاس - سۈرەن، ئاتلارنىڭ دۈپۈر - دۈپۈر تۇياق ئاۋازى ۋە ئىتلارنىڭ قالايمىقان ھاۋشۇشلىرى گويا قىيامەتنى ئەسلىتەتتى. ياقۇپ ئۆز مەھەللىسىنى بىرقانچە ئادەم بىلەن تەپسىلىي بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا رابىيەنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نەگە بارغان، نەدە تۇرغانلىقى ھەققىدىكى بىرەر يىپ ئۇچىمۇ بىلىنمىدى. ئۇ تولىمۇ ھەسرەتلەنگەن بولۇپ، ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىۋاتاتتى. جابىر بىلەن قىلىشقان ئەھدىلىرىنى ئويلىغاندا يۈرىكى خۇددى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىناتتى، رابىيەنىڭ بۇ ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلى ئەگەر ئۇنى تېپىۋالسا يۈرىكىدىكى بارلىق ئازاب ۋە ھەسرەتنى ئۇنىڭدىن چىقىرىۋېلىشقا نەچچە قېتىم ئانت قىلدى.

ۋاقىت يېرىم كېچىگە ئۇلاشقانىدى، ھەرقايسى يۇرتلارغا ئەۋەتىلگەن خەۋەرچىلەر رابىيەدىن خەۋەر يوقلۇقىنى ئېلىپ جابىرنىڭ ھويلىسىغا يىغىلىشتى. ياقۇپمۇ ئەگەشتۈرۈۋالغان ئادەملىرىنى ئېلىپ سۇلغۇن ھالدا جابىرنىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئۇ چۈشكۈنلۈك دەردىدىن روھى سونغان، ھارغىنلىق دەردىدىن

دەرمانسىزلانغانىدى. جابىر ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ يەنە بىر قېتىم غەزەپلەندى.

ــ ئۆزىڭىزنىڭ پەرزەنتىڭىزگە ئىگە بولالمايسىز، يەنە قانداق قىلىپ يۇرتنى باشقۇرالايسىز؟ مۇشۇ پەرزەنتكە ئىگە بولۇش بولدىمۇ؟ مۇشۇمۇ توي بولدىمۇ؟ ماڭا قانداق ۋەدىلەرنى بەرگەنتىڭىز؟ سىزدە غەرەز بار! سىز خەلقئالەم ئالدىدا مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكمەكچى!

ــ يوقسۇ بېگىم! مېنىڭ ھەرگىزمۇ غەيرىي نىيىتىم يوق! ئۇزاقتىن بۇيان ھەممەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ كېلىۋاتقان بىر ئادەممەن. قانداقسىگە سىلىگە يۈزسىزلىك قىلىشقا قۇربىم يەتسۇن؟ ئاشۇنداق ئەسكىلىكلەرنى قىلىشقا قانداقمۇ يۈزۈم چىدىسۇن؟ مەن ئۇ قانجۇقنىڭ بۇنداق رەسۋالىق قىلىشىنى ئويلاپمۇ يەتمىگەنىكەنمەن.

ــ يېقىندىن بېرى قىزىڭىزنىڭ بىرەر گۇمانلىق ئىشلىرىنىمۇ سەزمىگەنمىدىڭىز؟

ئىمام ياقۇپنىڭ جابىر ئالدىدىكى تەڭلىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن سورىدى. ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا رابىيەنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى، كىملەر بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىدىغانلىقى ھەققىدىكى بىرەر يىپ ئۇچىغا ئېرىشىش مۇددىئاسى ئىدى. بۇ سوئالدىن ياقۇپ دەرھال ھوشىنى تاپقاندەك بولدى ـ دە، كۆز ئالدىدىكى باھارنىڭ چېچەك ئېچىلغان ناھايىتى يېقىملىق بىر كۈنى رابىيەنىڭ ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ رەڭگارەڭ چېچەكلىرىدىن

دەستىلەر تىزىپ خۇشلۇقى ئىچىگە سىغمىغان ھالدا ئۇنى ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سەئدىنىڭگە تۇتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى يالىت قىلىپ ئۆتتى. ئۇ ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا بۇ كۆرگەنلىرىنى ئىمامغا ئېيتتى. ئىمام ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ھەسەننىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتە سەئدىن بىلەن بىر نەرسىلەرنى دېيىشكەنلىكى، ئۇنىڭغا قولىدىكى ئاتنى بېرىپ خەيرلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى ۋە ئىككىسى دەرھال جابىرنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كەتتى.

— بۇ چوقۇم ئاشۇ سەئدىن دېگەن بەتبەختنىڭ قىلغان ئىشى بېگىم، — كېيىپ ئېيتتى ياقۇپ تولۇق ئىشەنچ بىلەن، — ئۆتكەندە مەن سىلىگە مۇشۇ ئىش توغرىسىدا بىرنەچچە قېتىم گەپ قىلغانىدىم. نانكور ھامان قىلغۇلۇقنى قىلدى. ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ئۇ چوقۇم ئاشۇ تەكلىماكانغا — ھەسەننىڭ قېشىغا كەتتى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ بارساق دەل ئۈستىدىنلا چۈشىمىز.

جابىر بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنسانىي ئىشق - مۇھەببەتنىڭ غالىب قۇدرىتى ئالدىدىكى مۇلايىملىق ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەتنى يوقاتقان شەھۋانىي ھەۋەسنىڭ مەنمەنلىكىنى ئادەت قىلغان رەزىللىكى غالىب ئىدى، ئۇ قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ ئۆي ئىچىدە ئۇياندىن بۇيانغا ئىككى قېتىم ماڭدى ۋە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ دېدى:

ــ خىللانغان چاپارمەنلەردىن بىرنەچچىنى ئەۋەتكىلار، دەرھال نەدىن بولسا تېپىپ كەلسۇن.

جابىر ئۆيدە يالغۇز قالدى، ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. بۇ ئىشلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇرلۇك سەۋەبلەردىن ئىزدەپ باقتى. ئۇنىڭ خىيالىدا تۇرۇپلا ياقۇپ ئۇستىدە گۇمان تۇغۇلدى؛ ئۇ قىزى بىلەن گېپىنى بىر قىلىپ ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ چوڭلىرى يىغىلغان بۇگۇنكىدەك مۇشۇنداق كۇندە يۇزۇمنى تۆكمەكچىمىدۇ ـ يا، دەپ ئويلىدى. تۇرۇپلا يەنە، ياقۇپنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزىگە ئاتاپ قويغانلىقىنى نەچچە قېتىم ئېيتقانلىقىنى، بىرنەچچە قېتىملىق سىناقلاردا سادىقلىق بىلەن ئۆزىنى رازى قىلغانلىقىنى ئويلاپ، ئەگەر ئۇنىڭدا بۇنداق ياۋۇز پىلان بولسا، ھەر ھالدا ئۆز پۇشتىدىن تامغان قىزى ئەمەسمۇ، ھازىرنىڭ ئۆزىدىكى بۇ رىئاللىققا ــ قىزىنىڭ ئاشۇنداق بولمىغۇرلۇقلىرىغا مېنىڭلا ئەمەس، جامائەت ئالدىدا ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىگەن بولاتتى، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ گۇمانىدىن ۋاز كەچتى، ئۇ ياستۇققا يانپاشلىدى ۋە چوغلانغان چىلىمنى ئاچچىق بىلەن سۇمۇرۇپ خىيالغا كەتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن خۇددى مۇشۇ كۇنلىرىدىكىدەك چاغلىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. كۆز سالغان، نەزىرىگە سىغىپ قالغان ھەرقانداق قىزغا ھېچبىر تۇسالغۇسىز مۇيەسسەر بولغان، خالىسا خوتۇن قىلىدىغان، خالىمىسا ئۇنىڭغا يا ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەبلەرنى ئارتىپ

ئۆيدىن ھەيدىۋەتكەن، ياكى دېدەك ئورنىدا ئىشلەتكەن ۋاقىتلىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى، مۇشۇنداق قۇدرەتكە ئىگە غالىب كۈچ ئالدىدا ئاشۇ ئادەتتىكى بىر تەمەخورنىڭ قىزى قانداق قىلىپ مېنىڭ يۈزۈمنى سۆرۈن قىلغۇدەك ھالەتكە يەتتى؟ ھەي!

ئۇ چىلىمنى يەنە بىر قېتىم كۈچ بىلەن سۈمۈردى ـ دە، تۈتۈننى ئالدىرىماي پۈۋلەپ خىيالىنى داۋاملاشتۇردى. ھەممىنى قىلغان ئاشۇ سەئدىن دېگەن يالاڭتۆش! شۇ مۇناپىقنىڭ بالىسى ئۇنى ئازدۇرمىغان بولسا، ئۇمۇ شۇنداق قىلىشنى بىلەمتى؟ ئەجەب بىر بوشاڭلىق قىلىپتىمەن ـ ھە؟ ئاشۇ سەئدىن دېگەن ھارامتاماقنى ئۆتكەن كۈنى ياقۇپ ئاخۇن شۇ گەپنى قىلىپ كەلگەندىلا كۆزدىن يوقىتىدىغان گەپكەن، قاچامدىكى ئاشقا چاڭ سالغىنىنى قارىمامدىغان مۇناپىقنىڭ!

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا زەئىپ تەندە قوزغالغان شەھۋانىي ھەۋەسنىڭ غالىب قۇدرىتى نامايان بولسىمۇ، لېكىن ئۆمرىنىڭ مۇشۇ چېغىغىچە مۇيەسسەر بولغان بارلىق خۇشاللىقلارنىڭ ئورنىغا ئالماشقان بۇ خاپىلىقنىڭ ھەممىنى بىر يولىلا يوقىتا چىقارغانلىقىنى ئويلاپ ئۆز ـ ئۆزىدىن خورسىناتتى، شۇنچە زور ئىشلارغا قۇدرىتى يەتكەن ھوقۇقنىڭ ئادەتتىكى بىر ناتىۋان قىز ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمىگەنلىكىدىن ھەسرەتلىنەتتى، مۇشۇ كەمگىچە كىمدىن مۇنداق خورلۇققا دۇچار بولغان؟ كىممۇ

كېيىنى يېرىپ ئاغزىدىن چىققانلىرىنى بەجانىدىل ئورۇنداشتىن باش تارتقان؟ ئېقىن سۇنى ئارقىسىغا قايتۇرالايدىغان قۇدرەت ئەمدىكى ئاشۇ ئادەتتىكى بىر ئىش ئالدىدا ئەرزىمەس بىر نەرسىگە ئايلانديا؟ ئۇنىڭ ھەممىگە قادىرلىقى قېنى؟

جابىر ئۆزى ئويلىغان قۇدرەتنىڭ ئىنسانىي ھېس ـ تۇيغۇنى توللۇقى بىلەن چۈشىنىپ، ئۇنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن قەلب زېمىنىدە چېچەك ئاچقۇزۇشقا بەل باغلىغان زەبەردەس ئىنساننىڭ قەلبىدىكى ساپ سۆيگۈسى ئالدىدا ئەرزىمەس نەرسە قاتارىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ يېتەلمەيتتى، ئىنسانىي ئىشق ـ مۇھەببەت، ساپ سۆيگۈ ۋە شۇلار ئاساسىدا بىنا بولىدىغان كىشىلىك مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇ ئەسلا بىلىپ يېتەلمەيتتى ۋە ئۇنى زادىلا بىلمەيتتى، پەقەت پۇل ۋە ھوقۇق بولسا، ھەممىسى بولىدۇ، دەپ بىلىدىغان بۇ كىشى ئۇچۇن ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلەرنىڭ ھەممىسى بەربىر ئىدى.

ھاياتلىق يولىدىكى مەنىۋى رىقابەت ئۇنى شۇ ھالغا گىرىپتار قىلغان، ئۇ ئەمدى نېمە ئىشلارنى قىلىشى كېرەك؟ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆرتەۋاتقان ئازاب ئۇنى قىينىماقتا ئىدى.

## تۇندىكى چىغىر يول

ئۇلار چاپماقتا، گويا ساداقەتتىن چىققان ئوقتەك كۆزلىگەن

نىشانغا قاراپ توختاۋسىز ئۇچماقتا. گويا جەڭگاھتىكى چىلبۆرىگە ئېتىلغان گىگانت يولۋاستەك چەبدەسلىك بىلەن چاپماقتا. قاراڭغۇلۇقتىن بۇرۇقتۇرما بولۇپ، ئۈمىد شامىدىن يانغان نۇرغا شەيدا بولغان پەرۋانىدەك ئۇچماقتا. گويا تىك يار باغرىدىن بىرەر ئۇۋنى كۆزلەپ شۇڭغۇغان لاچىندەك چەكسىز كەتكەن ئېتىزلارنى، قويۇق ئۆسكەن ئورمانلارنى، قۇم بارخانلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ شۇڭغۇپ ـ شۇڭغۇپ چاپماقتا. گويا ھاياتنىڭ شوخ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئوتلۇق كۆزلىرىگە رازىمەنلىك بىلەن بېقىشىپ تاقلاپ ـ تاقلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان كېيىكتەك كۆڭلى ـ كۆكسى ئازادە ھالدا بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ چاپماقتا. ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى بوز يورغا بىلەن چىلان تورۇق قاشقا گويا ئۆز ئىگىسىنىڭ مۇددىئا ـ مەقسەتلىرىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ يەتكەندەك، باش باراۋىرىدە تىزگىن سىيرىپ چاپماقتا. مۇشۇ سۈرئەتتە يۈرت ـ مەھەللىدىن چىققىنىغا ئىككى ئاش پىشىمدىن ئارتۇق بولغىنىغا قارىماي، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئۆزى يول تېپىپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. گويا ئۆز ئىگىسىنىڭ ئۆمرىدە كۆرسەتكەن ئىلتىپاتلىرىغا بىر يولىلا تەشەككۈر بىلدۈرمەكچى بولغاندەك، ئۇزاقتىن بۇيانقى سىلاپ ـ پەپىلەپ بېقىشلىرى گويا بۈگۈنكى مۇشۇ بىر كۈنلۈك سەپەر ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلگەندەك كۆڭۈل ئازادىلىك بىلەن چاپماقتا. مۇشۇ سۈرئەتتە تۇلپارلار گاھ ئۆزۈنىغا سوزۇلغان تۈز يوللارنى باسسا، گاھ ئۆنىڭدىن ئۆتۈپ تىكەندەك

شورلۇق چىغىر يوللارنى، گاھ تىكەن قاپلىغان چاتقاللارنى، گاھ يەنە تۈز يوللارنى، گاھىدا يەنە قويۇق دەرەخ قاپلىغان كۆجۈم مەھەللىلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، تولىمۇ بەقۇۋۋەتلىك بىلەن چاپماقتا.

ئىتلارنىڭ ھاۋشۇشلىرى قاياقلاردىدۇ قالغان، پەقەت ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاندا ـ ساندا تاشلارغا تېگىشىدىن ۋالىلداپ يېنىۋاتقان ئۇچقۇننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەتراپ تىپتىنچ. ئاتلارنىڭ بىر خىل رىتىمدا دورۇكلىغان تۇياق ئاۋازى تىنىق گۇگۇم قوينىنى تىترىتىپ نەلەرگىدۇ سىڭىپ ئۆتمەكتە ئىدى. سەئىدىن رابىيەنىڭ ئۆز ئاستىدىكى چىلان تورۇقنىڭ تىزگىنىنى سىيرىپ يەڭگىل چىپىشىغا ماسلاشقان ھالدا گەۋدىسىنى يېرىم ئېگىپ كېتىۋاتقان ھالىتىگە مەستلىكى كەلگەندەك، ئۇنىڭغا چوڭقۇر مېھىر بىلەن پات ـ پات قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ خۇددى ئۇستا چەۋەندازدەك ئات ئۇستىدىكى بېجىرىم ھالىتى، قەتئىيلىك تەپچىپ تۇرىدىغان جەسۇرانە تۇرقى رابىيەگە بولغان سۆيۈنۈش تۇيغۇسىنى قايتا يالىلداتقاندەك بولدى. بۇ تۇيغۇدىن رابىيەنىڭ ھېچ ۋاقىتتىكىگە ئوخشىمايدىغان ئالىيجانابلىقى ۋە سۆيۈملۈكلۈكىنى يەنە بىر قېتىم كۆرگەندەك بولدى، ئۇنىڭغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنىڭ قەلبىدە ئېقىن ياساپ پۇتكۇل ۋۇجۇدىغا تارىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى، دېمىسىمۇ رابىيە مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۇنىڭدىن نېمىنى ئايىغان؟ ئادەم ئاسان چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان، ھەرىكەتتىن بىلەي دېسە باتىنىغا يوشۇرۇنىدىغان،

باتنىدىن بىلەي دىسە ھەربىكىتىدە زاھىر بولمايدىغان ئەڭ نازۇك پىسخىكىسىدىن سەئىدىن خېلى بۇرۇنلا چۈشەنچە ھاسىل قىلغان ئەمەسمۇ؟ ئاشۇ پىسخىكىنىڭ ئۆز تۇيغۇسى بىلەن تومۇرداش ئىكەنلىكىنى بىلگەندە ئۇ قەلبىدە رابىيەگە نىسبەتەن بىر خىل ئىپتىقادنىڭ باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئەمەسمىدى؟ تۇنۇگۈنكى شاھانە توي، پەقەت رابىيەنىڭ شەرىپى ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپتە سويۇلۇۋاتقان قوي ـ كالا، قازان ـ قازاندا قايناۋاتقان پولۇ ـ شورپا، رابىيە ئۈچۈن تەييارلانغان ئېسىل زىبۇ زىننەت ۋە رەڭگارەڭ كىيىم ـ كېچەك، ياسىداق ئالىي ئىمارەت! قول قولىغا، پۇت پۇتىغا تېگىشمەي خۇددى باپكارنىڭ موكىسىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان خىزمەتكارلار! ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت رابىيە ئۈچۈن، رابىيەنىڭ بىر كۆنلۈك توي مەرىكىسى ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ ئۇ ھەممىدىن ۋاز كەچكەن، ئاشۇ توي تۈپەيلى ئۆزىنىڭلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ھالال پۇشتى ـــ ئاتىسىغا كېلىدىغان بەخت ـ ئامەتتىن ۋاز كېچىپ، كېچىنى كېچە دىمەي ئاتقا مىنىپ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مۇقەددەس ئانا يۇرتىنى، پەپىلەپ ئۆستۈرگەن، يېمەي يېدۈرگەن، خۇددى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ چوڭ قىلغان ئانىسى، دوست ـ ئاغىنىلىرىنى تاشلاپ، پۈتكۈل ئۈمىدىنى تىكەندەكلا يالغۇز بىرلا سەئىدىنگە باغلاپ ئۇنىڭغا ياندىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بۇ ئىشلارنى بىلمەي ئەمەس، بەلكى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە بىلىپ، چۈشەنمەي ئەمەس، بەلكى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە چۈشىنىپ، قاراملىق بىلەن

ئەمەس، بەلكى كۆپ قېتىم ئويلىنىپ ئۆزى بىلەن قايتا ـ قايتا مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىرىدىن رازى ئىكەنلىكىنىمۇ نەچچە قېتىم سەئىدىنگە سەممىيلىك بىلەن ئېيتقان. دېمەك، سەئىدىن ئادەم دۇنيادا ئاسان ئېرىشەلمەيدىغان، ھەممىلا ئادەمگە ئۇنداق ئورتاقلا نېسىپمۇ بولۇۋەرمەيدىغان پاك قەلبكە، ئاشۇ پاك قەلبتىن ئوقچۇپ تۇرغان مۇھەببەتكە مۇيەسسەر بولدى. بۇ مۇھەببەت شۇنچە كەڭ زېمىننىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئىككى پاك قەلبنى بىر ـ بىرگە مەھكەم چاتقانىكەن، ئەجەبا ئاشۇ زېمىندا بەرق ئۇرۇپ چېچەك ئاچالمىدى ـ ھە؟!

ئاشۇ مۇقەددەس زېمىن ئۆزىنىڭ مۇقەددەسلىكىدىن ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان نېسىۋىسىنى ئايىغۇدەك، ئۇلار ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مۇقەددەس زېمىنىگە يۈز كېلەلمىگۈدەك نېمە ئىشلارنى قىلغان؟ تۇغۇلۇشىدىنلا نېسىپ بولىدىغان ئىنساني ھۆرلۈكنى زورلۇق بىلەن قولىغا ئېلىۋالغان كىشىلەردىن ھەقلىق يوسۇندا ئۆز ئەركىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ ياكى ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن بىر ـ بىرىگە ماھىل ۋە چوڭقۇر ئېجىللىقنى ماھىيەت قىلغان ئىنساني ھېس ـ تۇيغۇنىڭ ئورتاق بەرق ئۇرۇشىدىن ھاسىل بولۇپ، كېيىنكىلەرگە ئادەت سۈپىتىدە سىڭىپ كەتكەن پەرزەنتلىك بولۇش ئىستىكىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەت سۈيى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ مۇشۇ بىر جۈپ ياشتا قايتا جەۋلان بولغانلىقى

ئۇچۇنمۇ؟

ياق!

ئۇلار مۇشۇ مۇقەددەس زېمىنغا مېھنەت سىڭدۈرگەن، كۆمۈشتەك پاك تەرىنى تۆكۈپ، ئۇنىڭ چاڭقاق باغرىنى گۈلىستانلىققا ئايلاندۇرغان. پۈتكۈل مېھرى بىلەن قاقاس باغرىنى ئاۋۇندۇرۇپ، دوستلار كۆلگۈدەك نېمەت ياراتقان. ھەر ـ بىر گۈل ـ گىيا، ھەربىر تېمىم سۇدا ئۇلارنىڭ تېگىشلىك مېھنىتى يوق دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ؟ ۋەتەن ئۇنى ئۇنتۇمايدۇ. ئۇلارنى كۆزنى يۇمۇپلا يوقىقا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. ئۇ ئۇنچىۋالا رەھىمسىز، ئۇنچىۋالا قارا نىيەت، ئۇنچىۋالا نامەردمۇ ئەمەس. ئۇ ئىشلىگەننى، مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن بېرىلگەننى بىلىدىغان، كۆيۈندىغانغا سۆيۈندىغان ئالىيجاناب خىسلەتكە ئىگە. لېكىن، ئاشۇ مۇقەددەس ئانا زېمىن باغرىغا مىڭلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ زەرداب يۇرىكىنى ئايانمايلا دەپنە قىلىدىغان، قۇربى يەتسە ئاشۇ زېمىننى تويماس نەپسى ئۈچۈن بىر لوقما سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىدىغان ئادەملەر بار. ئۇلار زامانىنى ئەنە شۇنداق قىلغان، ئالەمنى ئۆز ئوقىدا ئەمەس، بەلكى ئۆز قولىدا چۆرگىلەشكە كۆندۇرۇش ئۈچۈن بارلىق قىلمىشلارنى قىلىشتىن يانمايدۇ. زېمىن ئەنە شۇنداق ناھەقچىلىك، ئەنە شۇنداق قارا نىيەتلىك، ئەنە شۇنداق ياۋۇزلۇق ۋە پەسكەشلىك دەستىدىن قاتتىق سىلكىنىپ، كۆز يېشى قىلىۋاتقانىكەن، دېمەك، زېمىن ئامالسىز!

.............

ئەگەر جابىر...

ئەگەر ياقۇپ...

سەئىدنى كېيىنكىلەرنى ئويلاشتىن يالتايدى، ئەگەر جابىردا ئىنسانىي تۇيغۇ، ئادىمىيلىك چۈشەنچە بولسا، ئۇ زورلۇق ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئادالەت ۋە توغرۇلۇقنى مىزان قىلغان ئىنسانىي خاراكتېرنى دەۋر قىلغان ھالدا ئۆز ھەربىكىتىگە ياندۇشسا؛ ياقۇپتا سەمىمىيلىك ۋە چىن ئاتىلىق ھېسسىياتى بولسا، ئۇ بايلىق، ھوقۇق ۋە شۇ ئارقىلىق كېلىدىغان ئابرۇيدىن ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ بالىلىق مېھىر ـ مۇھەببەتنى مىزان قىلغان ئىنسانىي خىسلەتنى دەۋر قىلغان ھالدا ۋۇجۇدىنى ئېرىتىپ مېھرىنى ئويغاتسا، ئۇلارنىڭ بۇ يەرلەردە ئۇيقۇسىز يۈرۈشى نەھاجەت؟! زېمىن شۇنداق ناھەقچىلىك ۋە شەرمەندىچىلىكتىن خورلىنىدۇ، ئۇلارغا نەپرەت بىلەن قارايدۇ!

سەئىدنىنىڭ تېنى بىر ئاز يەڭگىللىگەندەك بولدى. ئۆزىنىڭ بۇ قىلغانلىرىدىن، رابىيەنىڭ ھاياتىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىنى ئالتۇندەك چاقنىغان، ھېچبىر توسالغۇسىز ئاشۇ ماكاندا ئۆتكۈزۈشىنى راۋا كۆرۈپ، ئۆزى بىلەن بىللە بۇ يەرگە كەلگەنلىكىدىن قايتا سۆيۈندى. ئەنە شۇ زېمىنغا، ئەنە شۇ زېمىننىڭ پاك باغرىغا ھالال تەر تۆكۈپ ئۈنى گۈللەندۈرسە، مۇقەددەس زېمىننىڭ ئۇلارنىڭ ئىككىنچى ئانا ماكانى بولىدىغانلىقىغا، ئاشۇ زېمىننىڭ ئۇلارغا ئىللىق باغرىنى كەڭ

ئېچىپ ئورۇن بېرىدىغانلىقىغا ئىشەندى، بۇلار سەئدىنىڭ
مېھنەتكە ئۆگەنگەن، كۈچ تېمىپ تۇرىدىغان زەبەردەس قولىدىن
كېلىدىغان ئادەتتىكى ئىش ئىدى.
ئاي ئولتۇرۇپ كائىنات تۈن پەردىسىگە ئورالغان بولسىمۇ،
تىنىق چۆل ئاسمىنىدا جاراقلاپ يېنىپ تۇرغان ساناقسىز يۇل-
تۇزلارنىڭ جىمىرلاشلىرىدىن يالتىرىغان سۈس نۇر ئۇلارنىڭ يو-
لىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئاتلار پات - پات پۇشقۇرتۇپ يەڭگىل قە-
دەم ئالغىنىچە بىر خىل سۈرئەتتە چېپىپ كېتىۋاتاتتى. سەئدىن
بىلەن رابىيە يۈرەكتىن چىققاندىن بېرى ئات ئۈستىدە ئۈن -
تىنسىز ئولتۇرغىنى بىلەن بۇ كېچىلىك سەپەرنىڭ مەقسىتى ۋە
ئۇلار بارىدىغان نىشان ھەر ئىككىسىلەنگە ئايان ئىدى. شۇ تاپتا
رابىيەنىڭ ۋۇجۇدىدا سەئدىنگە بولغان چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە
ھۆرمەت قايتىدىن باش كۆتۈرگەندەك بولاتتى. ئۇ سەئدىنىڭ قو-
لىدىن بۇنچىلىك باتۇرلۇقنىڭ، بۇنچىلىك چېۋەرلىكنىڭ ۋۇجۇد-
قا چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ ئۇلگۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ ھەمىشە
راۋاب چېلىپ غەمكىن يۇرۇشلىرىدىن، ھە دېسە كەتمەننى دولى-
سىغا سېلىپ ئېتىز ئارىلاشلىرىدىن ئۆز مۇھەببىتىنىڭ، تەقدى-
رىنىڭ ئۇنىڭ قولىدا پورەكلەپ ئېچىلىشىغا، گۈللەپ روناق تې-
پىشىغا ئىشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن دادىسىنىڭ جابىر بىلەن قە-
لىشقان ئەھدىلىرىنى ئاڭلىغان ھېلىقى كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ ئا-
شۇ خىل جىمغۇرلۇقىدىن سەل گۇمانسىرىغانىدى. بۇ مۇ-
شۇنداقلا جىم يۇرۇۋەرسە، جابىرغا ياتلىق بولغاندىن كۆرە، بىر

يولىلا تۇگەشكىنىم ئەۋزەل، دەپ كۆپ قېتىم ئويلىغانىدى، ئۇ-
نىڭ بۇنداق ئويلاردا بولۇشى جابىرنىڭ قېرىلىقى ياكى ئۆزىنىڭ
نەچچىنچى توقاللىققا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىدىن ئەنسىرىگەنلىد-
كىمۇ ئەمەس. بەلكى، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا باش كۆتۈرگەن ھالال
مېھنەتكە مۇھەببەتنى زىچ بىرىكتۈرۈپ قارايدىغان ئادىمىيلىك
خىسلىتىنىڭ غالىب قۇدرىتىدىن؛ زورلۇققا، رەزىللىككە نەپرەت
بىلەن قاراشقا ئادەتلەنگەن، مۇھەببەتنى سەمىمىيلىك بىلەن بىر-
لەشتۈرۈشكە ئۆگەنگەن خىسلىتىدىن ئىدى، سەئىدىنىگە قول بې-
رىشى، ئۇنىڭدىن ئۆمرىنىڭ ئاداققى مەنىسىنى ئىزدىشى، ئۇنىڭ
گۈلىگە گۈل، قولىغا قول بولۇشنى ئارزۇ قىلىشىمۇ مۇشۇ سە-
ۋەبلىك ئىدى. مانا، ئەمدى ئاشۇ جىمغورلۇقنىڭ ئاستىغا قانداق
جاسارەتلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى، ئەگەر بۇ جاسارەتنى ئاشۇ
جىمغورلۇق بىلەن نىقابلاپ تۇرمىغاندا، بۇ پىلاننىڭ ئاخىر تە-
سەۋۋۇر قىلغۇسىز يامان ئاقىۋەت بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى
بىلىپ يەتكەنلىكىنى ئەمدى بىلدى. ھەتتا يۇرت ئىچىدە ئات چاپ-
تۇرۇپ يۈرۈشتىنمۇ قورۇنۇپ، ياقا يۇرتلادىكى بەيگىگە، ئوغلاق
تارتىشىشلارغا قاتناشقانلىقىنى، ئات كۆندۈرىمەن دەپ نەچچە-
نەچچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكلىرىنىڭ سەۋەبىنى
ئەمدى بىلدى، مۇشۇنداق پاراسەتنىڭ ئىگىسى سەئىدىن ئەمدى
ئاشۇ ھېچبىر توساقسىز ماكاندا ئۆمرىنى گۈلدەك ئۆتكۈزەلەيدى-
غانلىقىغا ئۆز ئىشەنچىنى باغلىغانىدى.

ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا تۇرمۇشنىڭ بۇ تەرىپى گەرچە ئۇنچىۋالا

قايغۇرۇپ كەتكۈچىلىكى يوق بىر ئىشتەك بىلىنىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆمۈرلۈككە ئاتالغان چىن مۇھەببەتنىڭ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا مېھىر بىلەن چېچەك ئېچىشىدا، ئاشۇ چېچەكتە دىل سۆيۈنگۈدەك مېۋە بېرىشىدە، مەنىۋى ھاياتنىڭ چەكسىزلىككە ئىگە قىلىنىشىدا ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان مۇھىم تەرەپ ئىدى. رابىيە بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا دىققەت قىلىپمۇ كەتمىدى. چۈنكى، ئۇ ياشلىقنىڭ نەۋ باھار پەسلىنى ھەدىيە قىلغان تۇرمۇش قارىشى بىلەن سەئىدنىڭ بارلىقىنى ئاتىۋەتكەن ۋە ئۆمرىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىنى سەئىدىن تەقدىرى بىلەن چېتىۋەتكەنىدى. سەئىدىنمۇ بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ باشقا خىياللاردا بولۇشى ئورۇنسىز ئىدى.

ئۇلار بىر خىل سۈرئەتتە چېپىپ كېتىۋاتماقتا. ۋاقىت سوبھىگە يېقىنلاشقان بولۇپ، تاڭنىڭ ئەلچىسى چولپان ئاسماننىڭ بىر چېتىدە جامالىنى كۆرسەتتى. رابىيە قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كەتتى، قايسىدۇر بىر كۈنى سەھەردە سەئىدنىڭ شوخ راۋاب ساداسىغا تەڭكەش قىلغان ئوتلۇق ناخشىلىرىغا سەمە بولغاندا، مۇشۇ چولپان بىلەن مۇڭداشقانلىقى، ئۇنىڭ تەقدىرىگە ئۆز تەقدىرىنى تەڭداش قىلىپ باققانلىقىنى ئەسلىدى. ئۇ چاغدا ئۇ مۇنداق ئەركىنلىكنىڭ، مۇنداق ئازادىلىكنىڭ ئۆزىگە نېسىپ بولىدىغانلىقىنى، ئاشۇ چولپاننى مۇنداق ئوچۇقچىلىقتا ئېنىق كۆرىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ يېتەلمىگەنىدى. ئەمدى بولسا، ئۇ ئۆزى

بىلەن تەڭ چىپىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئازادىلىكىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراۋاتىدۇ.

رابىيە پىسىڭگىدە كۆلۈپ قويدى، ئاشۇ كۈنى سەئىدىن ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىنى، يالغۇزلۇقتىن تولىمۇ زېرىكىۋاتقانلىقىنى، مانا مۇشۇنداق پاك سەھەر قوينىدا بىللە يورۇشنى رابىيەگە ئېنىق ئۇقتۇرغان ـ ھە؟! ئۇ كۈتكەن سەھەر مانا مۇشۇ! ئاز ۋاقىتتىن كېيىن تاڭ ئوغلانى قۇياش ئۇلارغا مېھىر بىلەن كۈلۈپ باقىدۇ، بەخت تۆشۈكى ئۇلارغا قۇچاق ئاچىدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا تەشنا قەلبلەر بىر ـ بىرىدىن مېھىر سۆيىنى سۈمۈرۈپ ھاياتنىڭ زوق لەززىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ.

ئاتلار ئېغىر ـ ئېغىر پۇشقۇرتۇپ چاپماقتا. مانا، تاڭ ئوغلانىمۇ ئۇپۇق يېرىپ، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن جامالىنى ئېنىق كۆرسەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل كائىناتقا ھەدىيە قىلىدىغان مىننەتسىز مېھرىنى دۆۋە ـ دۆۋە قۇم بارخانلىرىغا، قويۇق ئۆسكەن يۇلغۇن ۋە قومۇشلارغا، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن، شامال زەربىسىدىن يىقىلغان بولسىمۇ، يىقىلغان يەرگە يەنە يىلتىز تارتىپ باراقلاپ كۆكىرىپ ياشىرىپ تۇرغان توغراقلارغا گويا مېھرىبان ئانىدەك تۆكمەكتە. ئۇزاقتىن سوزۇلغان قۇم بارخانلىرى سەھەر قۇياشىنىڭ سېخىي نۇرىدا گويا ئوتقاشتەك تاۋلانماقتا ئىدى. ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىشىدىن چۆچۈگەن توشقان، جەرەنلەر قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارقىسىدىن بۇ

يېڭى مېھمانلىرىغا تارتىنىپقىنە قارايتتى. سەئدىن ئاتلارنىڭ تەرلەپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. دېمىسىمۇ شامدىن تاكى ھازىرغىچە گاھ چېپىپ، گاھ يورغىلاپ ئۇلارنى مۇشۇ مەنزىلگە يەتكۈزگەن ئاتلارغا خېلىلا ھاردۇق يەتكەنىدى. سەئدىن ئاتتىن چۈشتى ۋە رابىيەنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ، توغراق تۈۋىدىكى بۇلاق يېنىغا باردى ـ دە، رابىيە بىلەن زۇمرەتتەك بۇلاق سۈيىدە يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇدى. ئاھ، ئارامبەخش بۇلاق سۈيى! ئاھ، ئارامبەخش سەھەر قۇياشى! ئاھ، ئارامبەخش ساپ ھاۋا!

ئۇلارنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسى خېلىلا ئازادىلىشىپ ھېچ ۋاقىتتا ھېس قىلمىغان بىر شادلىقنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا تارىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ۋاقىت ئاستا ـ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇلار ئازراق ناشتا قىلىۋالغاندىن كېيىن بۇلاق سۈيىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلاندى ۋە چاقچاق ئارىلاش پاراڭغا چۈشتى:

— بۇنداق بولارنى ئويلاپمۇ يەتەلمىگەنىكەنمەن — دېدى رابىيە سەئدىنگە قاراپ، — خېلى ئەتراپلىق ئويلاپ پۇختا تەييارلىق ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرۇپتىكەنسىلە.

— ھەسەنجاننىڭ ياردىمىمۇ ئاز ئەمەس دەڭا رابىيە! ئۇ بىزگە يېقىندىن ماسلىشىپ بۇ ئاتنى ياردەم قىلمىغان بولسا، يېزىدىن ئۇنچىۋالا ئاسان چىقىپ كېتەلمىگەن بولاتتۇق. ھازىر يەنە بېرىپ ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىمىز.

— قايسى ھەسەنجان ئۇ؟ ئۇ توغرۇلۇق ماڭا سۆزلىمىگەنىتىڭلارغۇ؟ — رابىيە سەئدىنگە سوئال نەزىرىدە

قاردى. سەئدىن بىرئاز تىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا دېدى:

— ھېلىقى كۈن ئېسىڭىزدىمىكى، موللام پەيشەنبىلىك ئەپكىلىشنى تاپىلىغاندا ھەممىمىز ئېلىپ كېلىپ پەقەت بىر باللا ئېلىپ كېلەلمىگەنىدى. موللام ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئېلىپ كېلەلمىگەنلىكىنى سورىغاندا ئۇ قار - يامغۇر يىغلاپ تۇرۇپ، دادىسىنىڭ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۆيدە يېگۈدەك بىرەر پارچە ناننىڭمۇ يوقلۇقىنى ئېيتقاندا موللام ئۇنى پالاقىقا تارتىپ قولىدىن قىپقىزىل قان ئېتىلىپ چىققۇچە ئۇرغانىدى. ئېسىڭىزدىمىكى، سىز شۇ چاغدا يانچۇقىڭىزدىن بىر تىيىن چىقىرىپ شۇ بالا ئۈچۈن موللامغا بەرگەنىدىڭىز. ئۇ بالا سىزگە ئۇزاققىچە تىكىلىپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىر ھازاغىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندا سىز ئۇنىڭ قولىدىكى قاننى ياغلىقىڭىزدا ئېتىپ، پاكىزلاپ ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويغانىدىڭىز. شۇ بالا دەل ھازىر بىز قېشىغا بارىدىغان ھەسەنجان شۇ. ئۇ شۇ كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ مەكتەپكە كېلەلمىگەنىدى، مەن بىرنەچچە قېتىم ئىزدەپ بارسام، دادىسى ئىگراپ تۇرۇپ ئۇنى ئوقۇتۇشقا مادارىنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جابىر بەگ شۇ ھەسەنجاننىڭ ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتتىم، دەپ قەرز ھېسابلىغان پۇلنى سۈيلەپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئامالسىز ئۇنى يىللىقچىلىققا تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ مۇشۇ جاڭگالدا مال بېقىۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭ بىلەن پات - پات كۆرۈشۈپ تۇراتتىم، ھەتتا بۇ

يەرگە بىرقانچە قېتىممۇ كەلگەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە قاپقان قۇرۇپ توشقان، جەرەنلەرنى ئوۋلىغانىدۇق. يېقىنقى كۈنلەردىمۇ ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشتۇم. ئىككىمىزنىڭ ئىشىدىن ئۇ تامامەن خەۋەردار ئىدى. مەن مەقسىتىمنى ئېيتسام ئۇ ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن يېقىندىن ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇلۇشكۈن مانا بۇ سىز مىنگەن ئاتنى كېچىدە بىزنىڭ ئۆيگە ئېلىپ كەپتۇ، ئۇ بىز سالامەت يېتىپلا بارالىساق ئىشلىتىدىغان تۇرار جاي، تۇرمۇش لازىملىقلىرى قاتارلىقلارنى تەق قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ چوقۇم ۋەدىسىدە تۇرىدۇ.

رابىيەنىڭ كۆز ئالدىدىن شۇ ۋاقىتتىكى كارتىنا يالت قىلىپ ئۆتتى. كىيىملىرى تىتىلىپ كەتكەن، ئاچلىق ئازابىدىنمىكىن، مەڭىز سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىقىپ، بۇرۇن تۆشۈكى كېڭەيگەن، بەدىنىدە شىلىۋالغۇچىلىك گۆش يوق بىر بالا يېشىغا نامۇناسىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز چاناقلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈپ موللام ئالدىدا گۇناھكارلارچە بوينىنى ئېگىپ تۇرىدۇ. موللام زەردە بىلەن ئۇنىڭغا دوق قىلىپ مۇشۇ ھالەتنىڭ نەچچە قېتىم تەكرارلانغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئارىدەك ئۇزۇن ۋە جانسىز قولىنىڭ ئالقىنىغا پالاق بىلەن ئۇرغاندا جىرتىلداپ چىققان قان يۇز ـ كۆزلىرىگە چاچرىماقتا. دەرسخانا دەپ ئاتالغان كونا بىر خارابە ئۆي ئىچىدە بۇ دەھشەتلىك ئەھۋالغا گۇۋاھ بولۇپ تۇرغۇچى ئون نەچچە سەبىي كۆز ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان

بولسىمۇ، لېكىن بىرەرسى ئۇنى بۇ ھالەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئامالسىز. ئەنە شۇ ۋاقىتتا رابىيە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ جاننى قۇتقۇزغۇچى بىر تال تىيىنىنى موللامغا بەرگەندە موللام تىيىنىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا ھەجەپىپىقىنا قارىغانىدى. شۇنىڭدىن بۇيان رابىيە ئۇنى راستىنلا كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مەكتەپكە كەلمىگەنلىكىنى باشقىلاردىن سوراشنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. ئەمدى ئاشۇ بالا بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇنىڭ خەيرىخاھلىقىغا ئېرىشىدۇ.

— تېخى ھايات ئىكەن دېسىلە!

— شۇنداق، ئۇ تېخى ياشاۋاتىدۇ، بەكمۇ زەبەردەس، قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان چېۋەر ئادەم بولۇپ يېتىشتى.

ئۇلار بىر پەس جىمىپ قالدى. رابىيە ئەتراپقا زوقمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئاشۇ ھەسەن ئۈچۈن باغرىنى كەڭ ئاچقان بۇ ماكاندا ئۆزىنىڭمۇ ھاياتلىققا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا يەنە بىر قېتىم ئىشەنچ باغلىدى، ئاشۇ ھەسەنگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ يۇرت ئىچىدىمۇ بارلىقىنى ئويلاپ سەئىدىنگە دېدى:

— مەن كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ تېخى تۈگەپ كەتمىگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئاجىزلارغا ھامان قولداش بولىدىغانلىقىنى بۈگۈن يەنە قايتىدىن تونۇپ يەتتىم. قىزلار، ئايشەمخان ئاچام ماڭا ياردەم بەرمىگەن بولسا، مەن ئاسانلىقچە سىرتقا چىقالمىغان بولاتتىم.

— راست، دېيىشكەن ۋاقىتتىن خېلى كېچىككەندەك

قىلدىڭىز، ــ سەئىدىن ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى. رابىيە بولۇنغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

جابىر تەرەپ توي تارتىپ رابىيەنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، رابىيەنىڭ تېنىنى بىر خىل ئارامسىزلىنىش قاپلىۋالدى. ئۇ تولىمۇ جىددىيلەشكەندى. قىزلار رابىيەنىڭ خاس ھۇجرىسىغا يىغىلىشىپ دۇتار، تەمبۇر، داپ قاتارلىقلارنى چېلىشىپ بۇگۈنكى بۇ تويغا ــ رابىيەنىڭ مىسكىن كۆڭلىگە خۇشاللىق بەخش ئېتىش ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكەتلىرىدە، ناخشىلىرىدا ۋە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇڭلۇق دۇتار ساداسىدا ئۆز بەختى ئۈچۈن كۈرەشەلمىگەن بىر ناتىۋان قىزنىڭ ياۋۇز ئالدىدىكى ئاجىزلىق ئىڭراشلىرى ئەكس ئېتەتتى. ناخشىچىنىڭ شوخ ئاھاڭغا ئېيتىۋاتقان يېقىملىق ناخشىسى گويا رابىيەنىڭ پۈتكۈل تەرجىمىھالىنى سورۇن ئەھلىگە قايتا سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ زادى نېمە ئىشلارنى قىلىشلىرىنى ئالدىن ئۇقتۇرۇۋاتقاندەك ئىدى. ئۇسسۇلچىنىڭ بەدەن تولغاپ ئەۋرىشىم ئوينىغان ئۇسسۇلى ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر ئېغىرچىلىقنى مەننى ئۇقتۇرغاندەك ئىدى. كۆپچىلىك رابىيەنىڭ بېشىدىكى ئېغىر ئۇجۇر ـ بۇجۇرغىچە بىلىپ يەتمىسىمۇ، لېكىن بىرەرسى ئۇنى تەقدىرگە تەن باغلاپ تەسەللى بېرىشكە ياكى سەممىيلىك بىلەن بىرەر چارە ـ ئۇسۇلنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ يول كۆرسىتىشكە ئاجىزلىق قىلاتتى،

ئاشقىدىن زورلۇق بىلەن ئايرىلغان مەشۇقە ۋەھشىيلىك بىلەن قىلىنغان تاجاۋۇزدىن ئۆز نومۇسىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بىر ئاجىزەنىڭ تەقدىرىگە ئۇلار قايغۇرماي ئولتۇرالىسۇنمۇ؟ ئۇنىڭ تەقدىرىدىن ئۆز تەقدىرىنى كۆرمەي قالسۇنمۇ؟ ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ھەرىكىتى — ناخشىسى، ئۇسسۇلى، يەڭگىل چېكىلىۋاتقان سازلىرىدىن ئەنە شۇ مۇڭ، ئەنە شۇ ھەسرەت بىلىنىپ تۇراتتى. رابىيەمۇ بۇنى بىلەتتى. بۇنىڭ توي بەزمىسى ئەمەس، بەلكى ئۆلۈم ماتىمى ئىكەنلىكىنى، شادلىق ئەمەس، بەلكى قەلبىدىكى مۇڭ، ھەسرەت ۋە نالە - پىغانلارنىڭ بىر يولىلا ئوتتۇرىغا ئېتىلىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

رابىيە ئورنىدىن تۇردى، قىزلار جىمىمىدە بېسىقىپ قالدى، ئۆينىڭ ئىچىنى چىۋىننىڭ گىڭشىغىنىنى بىلگىلى بولىدىغان ئېغىر جىملىق قاپلىغانىدى. رابىيە تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا قالدى. بۇنداق بېسىقىشىنىڭ ئۆز پىلانىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تولىمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن رابىيە يەنە ئورنىدا ئولتۇردى ۋە قىزلارغا سورۇننى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا ئىشارەت قىلدى. ئۆينىڭ ئىچىنى يەنە بوغۇلۇپ ئېيتقان ناخشا ۋە مۇڭلۇق ساز ئاۋازى قاپلىدى، قىزلار رابىيەنىڭ ھەربىر ھەرىكەتلىرىدىن، ھەربىر بېقىشلىرىدىن، ھەربىر تىنىقلىرىدىن ئۇنىڭ ئىچكى تۇيغۇسىنى، ئاشۇ تۇيغۇنىڭ مەنىسىنى ناھايىتى روشەن چۈشىنىپ يەتكەنىدى. شۇ ئەسنادا ئايشەمخان ئاچا رابىيەنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە دېدى:

— قۇدىلار كېلىپ قالدى قىزىم، كېيىملىرىنى يەڭگۈشلىۋالسىلا.

رابىيە سۈكۈت قىلمايلا ئورنىدىن تۇردى، ئۇ ئورنىدىن تۇردى - دە، قىزلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم كۆز بېقىشىپ خوشلاشتى. ھەربىر كۆزلەر بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلار بىر - بىرىدىن قەلبىدە قانداق تۇيغۇ، قانداق ھېسسىيات ۋە قانداق چۈشەنچىنىڭ ھاسىل بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆزئارا بىلىشەتتى. ئاشۇلار بىلەن، بۇ ئوتلۇق كۆزلەر بىلەن خەيرلىشەتتى

شۇ مەندە يېرىم سائەت داۋاملاشقان خەيرلىشىش رابىيەنىڭ قەلبىدىكى ھەسرەت ۋە ئازابىنى بىر يولىلا مەڭگۈ ئېقىتتى، ئۇنىڭ پاكىزە يىغلىۋەتكۈسى كەلدىيۇ، لېكىن ئۇنداق قىلمىدى ۋە ئاخىرقى قېتىم ئۆزىنى توختاتقان ھالدا ھەممەيلەنگە يەنە قايتا - قايتا بىردىن قاراپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ھويلىدا سازەندىلەر ھەر خىل ساز - نەغمىلىرى بىلەن توي بەزمىسى تۈزگەندى. رابىيە دەھلىزگە چىقىپلا ئايشەمخان ئاچىغا ئىلتىجا بىلەن تىكىلدى ۋە:

— ئاچا، مەن باغقا كىرىپلا چىقاي! — دېدى.

ئايشەمخان ئاچا رابىيەنىڭ ئانا تەرەپ ھامىمىسى ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە پەرزەنتلىك بولمىغان بولۇپ، رابىيەنى كىچىكىدە ناھايىتى كۆپ باققان ۋە ئۇنىڭغا ئانىلىق مېھرىنى سىڭدۈرۈپ چوڭ قىلغانىدى. ئۇ رابىيەنىڭ مۇشۇ مۇشكۈلاتلارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى بىلگەندە ياقۇپقا بىرنەچچە قېتىم مۇشۇ نىيىتىدىن

يېنىش توغرىسىدا ئىپتىقان بولسىمۇ، لېكىن ياقۇپ پەقەتلا ئۇنىمىغان، ھەتتا ئۇنى ھاقارەتلىگەنىدى.

رابىيە ئەمدى ئۇنىڭغا مەقسەتلىك ھالدا ئىلتىجا قىلىپ تۇردۇ، رابىيەنىڭ بېشىغا كېلىدىغان قىسمەتلەرنى ۋە مۇشۇ ئىلتىجاسىغا بېرىلگەن ئىجازەت ئارقىلىق نېسىپ بولىدىغان شادلىقنى بىلىپ تۇرۇپ، ئەمدى ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلسۇنمۇ؟

ئۇ رابىيەگە ئەگىشىپ باغقا بىللە كىرگۈسى كەلسىمۇ، لېكىن نىيىتىدىن ياندى، رابىيە يان ئىشىك ئارقىلىق باغقا كىرىپ كەتتى.

— ئەگەر ئايشەمخان ئاچىنىڭ ئورنىغا باشقا بىرەيلەن يېنىڭىزغا كىرگەن بولسا، تەس بولاركەن - ھە؟!

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولاتتى، ھويلىدا ھەممە ئادەم سانجاق تۇرغان، ئاناملار مەن بىلەن بارىدىغان ئاياللارنى جابدۇتۇۋاتقان، مېنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىمنى ئاساسەن پۈتكۈزۈپ بولغان ۋاقىت ئىدى، قىلىدىن ئىنچىكە بۇنداق ۋاقىتتا ئايشەمخان ئاچام ئاخىرقى ياردىمىنى ئايىمىدى.

ئۇلار شۇ پاراڭلار بىلەن بولۇپ، ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى كېيىن بىلىشتى، كۆنگە قاراپ بارا - بارا ئۆرلەۋاتقان قۇياش نۇرى ئەتراپنى خېلىلا ئىسسىتقانىدى. سەئدىن قۇياشنىڭ ئۆرلىگەنسېرى بۇ ماكاننىڭ بەكلا قىزىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئات ئىسسىققا

چىدىماي يولنى داۋاملاشتۇرۇشمۇ قىيىنغا چۈشەتتى. ئۇلار ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بىر خىل يورغىدا قوم بارخانلىرىنىڭ ئارقىسىغا غايىب بولدى.

## تۇتقۇننىڭ دەۋاسى

كېچىدىن بىرى توختىماي چىقىۋاتقان بوران چاشكاھ بىلەن سەل پەسكويغا چۈشتى. بوران زەربىسىدىن ئۆيدىن چىقالمىغان مەھەللە كىشىلىرى تەبىئەتنىڭ بۇ زوراۋانلىقى ئېلىپ كەلگەن بەختسىزلىكتىن تولىمۇ ئەنسىرەشكەن هالدا سىرتقا ـــ ئېتىز باشلىرىغا چىقتى، هەيۋەتلىك كۆئېنلۈن تاغ تىزمىلىرىنىڭ سوغ شامىلى بىلەن پايانسىز تەكلىماكاننىڭ قىزىق هارارىتى تۈپەيلى هاسىل بولىدىغان بوران يىلدا بىرەر قېتىم كۆرۈلۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ هەيۋىسىنى بۇ زېمىن ئەهلىنىڭ كۆڭلىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز دەرىجىدە ئىز قالدۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ قېتىم يەنە شۇ هالەت تەكرارلانغانىدى. تاختا بولۇش ئالدىدا تۇرغان بۇغدايلار قاپ بېلىدىن دېگۇدەك ئورۇلۇپ نەلەرگىدۇ يوقالغان، ئەمدىلەتىن چېچەككە تۇرغان كېۋەز، قوغۇن مايسىلىرىنىڭ پەقەت يىلتىزىلا كۆرۈنۈپ قالغان بولۇپ، زېمىن ئۆز ئادىتىنى بىراقلا يوقاتقاندەك ئىدى. نەچچە يىللاردىن بېرى ئۆزىنىڭ شەربىتى ئارقىلىق بۇ زېمىنغا هاياتلىق بەخش ئېتىۋاتقان دەريا قىنىدىن چىقىپ لاتقىلارغا يۆگەلگىنىچە

تولغىنىپ ئاقماقتا ئىدى. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر كۆچكەن قۇم بارخانلىرى بىلەن تولغان، نە يول، نە ئېتىز، نە چوڭقۇر، نە دۆڭ پەرق ئەتكۈسىز ئىدى. چىغىر يوللارنىڭ ئىزناسى ئاللىبۇرۇن ئۆچكەن بولۇپ، مەھەللىگە ئېلىپ كېلىدىغان چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ياپراقلىرىنى شامال ئېلىپ قاچقان يالىڭاچ دەرەخلەرلا يولنىڭ بەلگىسىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، كىشىلەر بۇ هالەتتىن بۇ يىلقى هاياتلىق قىسمەتلىرىنى بىلىپ يەتكەندەك ھەسرەت بىلەن ئىچىگە تىناتتى.

هاياتلىق ـــ ئۇ سۇ بىلەن زېمىنغا مەھكەم باغلانغان! ئاشۇ سۇ بىلەن زېمىندىن ھاسىل بولىدىغان نېمەتكە، نېمەتنى يارىتىدىغان مېھنەتكە زىچ بىرىككەن! زېمىن ئۇلۇغ! زېمىندىن بىنا بولىدىغان نېمەت تېخىمۇ ئۇلۇغ! جەننەت مېۋىسى بۇغدايدىن بىر چىشلەم يەپ ھاياتلىقنىڭ مەنىسىنى بىلگەن ئادەم ئەلەيھىسسالام كۆرمىگەن بار، يېمىگەن يوق جەننەتنى تاشلاپ، مېھنەت ئارقىلىق يارالمىشنىڭ راھىتىنى سۈرۈش ئارقىلىق زېمىنغا چىققان ئەمەسمىدى!؟ ئۇ مېھنەت قىلغان! كۈمۈش تەرلىرى ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە كائىناتنىڭ سىرىنى ئېچىشنى ئۆگىتىپ، ياشاشنىڭ يولىنى ئېنىق كۆرسەتكەنىدى. ئۇ ئۆز مېھنىتى بەدىلىگە كەلگەن بىر توغرام ئارپا نېنىنى ئىشتىها بىلەن يەپ ھارغىن تەنلىرىگە مادار كىرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ھەقىقىي جەننەتنىڭ زېمىن ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى، ئاشۇ زېمىندىن ھالال مېھنەت ئارقىلىق بىنا بولىدىغان نېمەتتە

ئىكەنلىكىنى تونجى رەت ھېس قىلغان، شۇنىڭدىن بۇيان ئىنسانلار ھاياتلىقى ئۈچۈن ھالال مېھنىتىنى زېمىنغا سەرپ قىلىپ، ئۇنى ھاياتلىقنىڭ قوۋنىقى دەپ تونۇپ يەتكەن، شۇنداق! ھالال مېھنەت ھەقىقەتەنمۇ مېھنەت قىلغۇچىنىڭ يەخىرلىنىشىگە تېگىشلىك ھاياتلىق لەززىتى! ئۇ ئۇنىڭدىن شۆھرەتكە، ئىناۋەتكە ۋە مەڭگۈلۈك جەننەتكە مۇيەسسەر بولىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئىجادكار، ئۆز ئىجادى ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە ياشاشنىڭ بىرقەدەر توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن تاشقىرى ئۆز مېھنىتى ئارقىلىق باشقىلارغا ھالاۋەت يەتكۈزۈشنى پەقەتلا ئۇنتۇمايدۇ. تۇمەنلىگەن ئۇچار قانات، جانۇ ـ جانىۋارلارنىڭ بىر ـ بىرىگە زىچ بىرىككەن بۇ پائالىيەتتە ھاياتمۇ بىر ـ بىرىگە مەھكەم چېتىلغان. بىرى يىقىلسا بىرىنىڭ ھاياتلىق تومۇرى ئۈزۈلىدۇ. بىرى بىنا بولسا، تۈمەن مىڭى ئۇنىڭدىن ھاياتلىقنىڭ كاپالىتىگە ئىگە بولىدۇ.

لېكىن...

كىشىلەرنىڭ خىيال سەتھىسىدە ئەمەس، بەلكى زاھىرىدە ئۆزىنى تونۇتۇۋاتقان بۇ ھالەتكە ئەمدى نېمە دېيىش مۇمكىن؟ نى ـ نى ئۇلۇغ ئارزۇلارنى، نى ـ نى يۈكسەك پىلانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، تىنىم تاپماي ئىشلەش ئارقىلىق تەييار قىلغان بۇ مېھنەت ھالاۋىتى ئۆزىنىڭ تەمىنى تېتىمايلا زېمىندىن ئىز ـ دېرەكسىز يوقالسا، غەرەزسىز مېھنەت ئىگىسىنىڭ قانداقمۇ ئىچى سىيرىلمىسۇن؟

ئۇلار ھەسرەتلىنەتتى، پەلەكنىڭ زوراۋانلىقى ۋە تولىمۇ بىمۇرۇۋۋەتلىكىدىن زارلىنىپ كۆز يېشى قىلاتتى. يىغلاپ ـ قاقشاپ ئىچكى ئازابلىرىنى يەڭگىللەتكىلى بولسا، يەنە بۇ قىسمەتنى تەگرىنىڭ ئىرادىسىگە باغلاپ، ئۇنىڭغا سىغىنىش ئۈچۈن مەسچىتلەرگە، ئىپتىز باشلىرىغا توپ ـ توپ بولۇپ يىغىلىشىپ، تاپقان ـ تۇتقانلىرىنى قازانغا تاشلاشقا ۋە يەنە قانداقتۇر ئىلاھنىڭ زېمىندىكى قولى دەپ ئاتالغان ئاخۇنۇملارغا نەزىر قىلىشقا تەرەددۇت قىلاتتى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا كۆڭلى ـ كۆكسى ئازراق بوشاپ، ئۆزىنى ئازابلاۋاتقان ھەسرەت خېلىلا يەڭگىللىگەندەك بولاتتى.

كۈن پېشىندىن ئۆتۈپ دىگەرگە ئۇلاشقان ۋاقىت ئىدى. ئەتىگەندىن بېرى ئىپتىز باشلىرىدا ئايلىنىپ بورانىنىڭ تۆلىۋالغۇسىز زىيانلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن خەلق مەسچىت ئالدىدىكى سەيناغا تاپقانلىرىنى خۇدا يولىدىكى نەزىرە ئۈچۈن توپلايتتى. بىر بۇلۇڭدا قايناۋاتقان داش قازاندىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىس ئارىلاش قويۇق ھور ئەلەم بىلەن تولغىنىپ، مەسچىت ئۆگزىسىدە لەيلەيتتى.

جابىر چوڭ قورسىقىنى تېخىمۇ تومپايتىپ، قوللىرىنى شىلتىغىنىچە قىسمەتلەرنىڭ سىر ـ ئەسرارىنى بىلىشكە قىزىقىپ سۆكۈت بىلەن ئولتۇرغان جامائەتكە ۋەز ئېيتماقتا. سەينا ئادەم بىلەن لىق تولغان، قازان بېشىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن باللارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىنى ھېسابقا

ئالمىغاندا، ۋەزخاننىڭ سوزۇپ ئېيتقان نۇتقىدىن باشقا نەرسە ئاڭلانمايتتى.

— ئاللا بەندىلىرىگە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى، خەير - ئېھسان قىلىشنى، ھە، يەنە ئوندىن بىر ئۆشرە، قىرىقتىن بىر زاكات بېرىشنى پەرز دەپ ۋەھى قىلغان. يۇرتىمىزدا ئۇزاقتىن بۇيان بۇنداق چوڭ ئاپەت بولۇپ باقمىغان بولسىمۇ، بۇ قېتىم ئاللا ئۆزىنىڭ غەزىپىنى بىرلا كۆرسەتتى. بۇ نېمىنىڭ بېشارىتى؟ سەۋەبلىرىنى ئۆزىمىزدىن ئىزدەپ باقايلى، نامازغا چىقمىغلار دېسە بوينۇڭلاردىن سۆرىگەندەك قىلىسىلەر، قايسىڭلار قولۇڭلارچە بىر تەڭگىنى خەير ئورنىدا مەسچىتكە بەردىڭلار؟ ياز ۋە كۈزدە تاغارلاپ ئاشلىقنى ئۆيگە توشۇشقا ئالدىرايسىلەر، قېنى قايسىڭلار «توختاپ تۇرە، مانىڭدا يۇرتنىڭ، يۇرت ئىگىلىرىنىڭ ھەققى بارتى» دېدىڭلار؟ زېمىن دۇئا بىلەن كۆكىرىدۇ. يۇرت يۇرت ئىگىلىرى بىلەن ئاۋات بولىدۇ. بىر تال موما ياغاچقا ئون نەچچە ئېشەكنى قوشۇپ ھەيدىسە خامان يۇمشايدۇ. قېنى، مومىنى ئېلىۋېتىپ بېقىڭلار، قايسى خامان يۇمشايدىكەن؟ ھە، يۇرتنىڭ ئىگىلىرى ئەنە شۇنداق موما ياغاچقا ئوخشايدۇ. ئۇنى ئاسراپ، پەرۋىش قىلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۇرۇش ياشاشتىكى پەرز ۋە قەرز! مانا بۇ ئادەمگەرچىلىك، مانا بۇ ھەقىقىي مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئاددىي شەرتلىرى!

جابىرنىڭ ئاۋازى سۆزلىگەنسېرى جاراڭلىق چىقاتتى. ئۇ تۇرۇپ جامائەتكە، تۇرۇپلا ئۆز ئەتراپىدا ئولتۇرغان

مـويسـىـپـىتلـەرگـە قاراپ قويـاتـتى، باشلـىرى ساڭـگـىلـىغـان جامائەتنىڭ كەيپىياتىدا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىغان ياكى ئىنكار قىلغان ئالامەتلەرنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ، جابىرنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان ئىمام باشلىق كىشىلەرنىڭ بىر قىسمىلىرىدا جابىرنىڭ ھەربىر سۆزىدىن رازىمەنلىك ئالامەتلىرى روشەن سېزىلەتتى.

ئاھ، ئادەملەر! قولىدىن كېلىدىغان بارلىقىنى ئۆزىنىڭ «ئادىمىيلىكىنى» ئىپادە قىلىش ئۈچۈن ئايانماي سەرپ قىلىۋاتقان ئادەملەر! «ئادىمىيلەر» گە ئەگىشىپ ئادەملىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە ئاق ـ قارىنى سورۇشتە قىلمايلا شەكسىز تەستىق سېلىشقا ئۆگەنگەن «ئادەملەر»!

ئاھ، مۇرۇۋۋەتسىز زاماننىڭ گۇناھسىز تۇتقۇنلىرى قاتارىدا پۇت ـ قوللىرى جاھالەت چۇشەكلىرى بىلەن چۇشەكلىنىپ، غالىبلار ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرۈپ سۇكۇتكە چۆمگەن ئادەملەر!

پېشۋالىرىمىزنىڭ تەۋەررۇك يازمىلىرىدا ئادەملەرنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكى ۋە ھاياتقا بولغان چۈشەنچىلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى كۆرگەندەك قىلغانىدىم، ئۇنىڭدا مۇنداق خاتىرىلەر بار ئىدى: « ئادەم تۆت تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، ئەقلىي ئىشلارنى بىلمەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ھەم بىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئەخمەقلەردۇر، ئۇنداقلاردىن ساقلىنىڭلار

(قىچىڭلار)! يەنە بىرى، بىلمەيدۇ. لېكىن، ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ھەم بىلىدۇ. بۇلار جاھىللاردۇر، ئۇلارغا ئۆگىتىڭلار. يەنە بىرى بىلىدۇ. ئەمما، ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، بۇنداقلار ئۇخلاۋاتقانلاردۇر، ئويغىتىڭلار. يەنە بىرى، بىلىدۇ. ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىقىنى ھەم بىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئالىملاردۇر. ئەگىشىڭلار!»

پۇل، مەرتىۋە ھاياتلىقنىڭ، ئادىمىيلىكنىڭ شۆھرىتى سانىلىپ ئابرۇي ئۇنىڭ تاجى سۈپىتىدە تونۇلۇۋاتقان؛ ئاشۇ زاماندا سۇكۇتكە چۆمگەن كىشىلەرنىڭ ئەقلىي كۆزى جاھىلىيەتنىڭ چۈمبەرلىرى بىلەن نىقابلانغان ئاشۇ زاماندا سۇكۇتكە چۆمگەن كىشىلەرنىڭ بۇ قىسمەتلەرنى جابىرنىڭ ئېيتقانلىرىدىن دەپ بىلىشنى گۇناھ دەپ دېگىلى بولمايتتى. چۈنكى، ئەقىدە ئادەتكە ئايلانغان، ئادەت ياشاشنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ تونۇلغان ۋاقىتلاردا ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش ئاسانلا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىش ئەمەس! ...

جابىر سۆزىنى تۈگىتىپ جايىدا ئولتۇردى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە رازىمەنلىك بىلەن قارىشىدىن كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر خىل قانائەتنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يېنىدا ئولتۇرغان ئىمامغا: قېنى سىنىڭمۇ بىرەر ئېغىز سۆزۈڭ يوقمىدى، دېگەندەك قىلىپ مەنىلىك قارىدى. ئىمام خۇشاللىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، گېلىنى بىر ـ ئىككى قېتىم يەڭگىل قىرىۋېتىپ سۆز ئالدى:

— يېقىندىن بۇيان يۇرتىمىزدا كۆرۈلۈپ باقمىغان زور بىر ۋەقە يۈز بەردى، — ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە بىر قۇر نەزىرىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، سەئىدىن دېگەن هارام تاماق يۇرت ئىگىسى جابىر بېگىمنىڭ هاللىق جۇپتى رابىيەنى ئېلىپ قاچتى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلمىشى يۇرت ئىگىلىرىگە قىلىنغان ئىنتائەتسىزلىك! يۇرتىمىز ئۈچۈن هاقارەت! ئاشكارا هالدىكى ئىمانسىزلىق! بۇ هاياسىز مەخلۇقنىڭ قەلبىدە ئىمان، نومۇس دېگەنلەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ شۇنداق قاپ يۈرەكلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغان. ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ هارامنى يېگەن بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ هارام نەرسە بىز مۆمىنلەرگە هەرگىز قۇتاتمايدۇ. ئاللامۇ ئۇنى راۋان كۆرمەيدۇ. شۇڭا، بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا دېگەندەك، ئاللا بۇنداق بۇزۇقچىلىقلارغا چىداپ تۇرالماي، مانا مۇشۇنداق ئاقىۋەتلەرنى يۇرتىمىزغا يۈزلەندۈردى. ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئەمدى ئۇنى قانداق قىلغۇلۇق؟

جامائەت بىر - بىرىگە قاراپ ئۆزئارا پىچىرلاشقا باشلىدى. بۇ ۋەقەنى بىلمىگەنلەر بىر - بىرىدىن سوراشتى. بىلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى ئىمامنىڭ سۆزىگە ماسلاشتۇرۇپ تەهلىل قىلىسا، بەزىلىرى كۆڭلىدىكىنى ئىزهار قىلىشقا ئاجىزلىق قىلاتتى. هېلىدىن بېرى سۈكۈتكە چۆمگەن سورۇن هەر خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى بىلەن تولغانىدى. ئىمام سورۇننى جىمىقتۇرۇشنى خالىمىدىمۇ، زۇۋانسىزلا جايىدا

ئولتۇردى. لېكىن، ئۇ ئولتۇرغىنى بىلەن كىمنىڭ قانداق سۆزلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى، كىملەرگە ئىچ ئاغرىتىپ كىملەرگە ھېسداشلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، كۆز ئالدىدىكى بۇ تەبىئىي ئاپەتكە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ماسلاشقان ياكى ماسلاشمىغانلىقىنى، بۇ سۆزلەرنىڭ جابىرنىڭ قۇلىقىغا ياققان ياكى ياقمىغانلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈش بىلەن بەنت ئىدى، تۇساتتىن جامائەتنىڭ چوڭ يول بىلەن مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىقلارغا كۆزى چۈشتى ـ دە، ھەممىسى گۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

ئۈستىبېشى چاڭ ـ توپىغا مىلەنگەن، چىرايىدىن ھارغىنلىق بىلىنىپ تۇرسىمۇ ئۆزىنى ھاكاۋۇرلارچە گىدەيتىۋالغان بەش ـ ئالتە ئاتلىق كىشى ئالدىغا ئىككى نەپەر ئەر بىلەن بىر قىزنى سېلىپ قەدەمدە بىر قامچىلىغانچە ھەيدەپ كەلمەكتە ئىدى. تۇتقۇنلارنىڭ قوللىرى ئارقىسىغا مەھكەم باغلانغان، كىيىملىرى يىرتىلىپ ئۈستىبېشى قان ئارىلاش قۇمغا مىلەنگەن بولسىمۇ، كۆكرىكىنى كېرىپ ئۆزىگە تىكىلگەن جامائەتكە بىر ـ بىرلەپ قارىغانچە مەردانىلەرچە قەدەم ئېلىپ كېلەتتى. ئاتلىقلار گاھ تۇتقۇنلارغا يېقىنلاشقان كىشىلەرنى قامچىلىسا، گاھ ئاتلىرىنى قامچىلايتتى. قامچا زەربىسىدىن يىلاندەك تولغانغان ئاتلار گاھ تۇتقۇنلارنىڭ ئالدىغا ئۆتسە، گاھ ئۇلارنى دەسسەپ چەيلىۋەتكۈدەك ئەلپاز بىلەن ئۆرىدەيتتى. ئاتلىقلارنىڭ ھەيۋىسىدىن ئىككى قاشقا بۆلۈنگەن كىشىلەر ھېچ نەرسىنى مەنسىتمەي ئۆزىگە

تىكىلگەن كۆزلەرگە چوڭقۇر مېھىر بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان ئوتتۇنلارنىڭ ئۆز رەقىبلىرىنىڭ تەمەننالىرىنى سۇندۇرۇۋاتقان روھىي غالىبلىقىنىڭ سىرىنى بىلىشكە قىزىقتىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن تەپچىپ تۇرغان جاسارەتنىڭ جازىبىلىك كۈچىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇلارغا ئەگىشىپ مەسچىت ئالدىغا كەلدى، مەسچىت ئالدىدا ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغان جابىر باشلىق يۇرت چوڭلىرى ئوتتۇنلارنى ئالدىغا سېلىپ كەلگەن كىشىلەر بىلەن بىر ـ بىرلەپ قىزغىن كۆرۈشتى.

ــ ناھايىتى ئوبدان ئىش قىلدىڭلار، بالا دېگەننى مانا مۇشۇنداق تۇتقاندا ئۇ ئادەمگە بالا بولىدۇ، بولمىسا ئۇنىڭ ئۆزى بىر بالا. بېگىم ئۆزلىرىگە پۈتكۈل ئىشەنچ ئۈمىدىنى باغلىغانىدى، ئىشەنچنى يەردە قويماي ئوبدان قىلىلا.

ئىمام ياقۇپنىڭ قولىدىن مەھكەم سىقىپ ئۇنىڭغا رازىلىقنى بىلدۈرگەندىن كېيىن جابىرغا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى. جابىر قولىنى ئارقىسىغا تۇتقان پېتى ئالدىرىماي كېلىپ تۇتقۇنلارنى بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. سەئدىنىنىڭ چېكىسى يېرىلغان بولۇپ، ئاققان قان قۇم بىلەن قوشۇلۇپ چىرايىنى تونۇغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرگەنىدى، ھەسەنىنىڭ يۈز ـ كۆزى يېرىلغان، يېرىم يالىڭاچ بەدىنىدە قامچا ئىزلىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جابىر ھەسەننىڭ ئېڭىكىنى تۇتۇپ ئۇنى ئۆزىگە قاراتتى ۋە غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا ھومىيىپ: «ھۇ نانكورا!» دېگىنىچە يۈزىگە بىرنى تۈكۈردى. ئاھانەتكە چىدىمىغان ھەسەن

باغلاغلىق قولىنى بوشىتىش ئۈچۈن قانچە تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن بەرىبىر ئىدى. جابىر رابىيەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تۇرۇپلا قالدى. كۆڭلەكلىرى يىرتىلىپ ئېتى كۆرۈنۈپ قالغان ناتىۋان قىزنىڭ بەدىنىدە قامچا ئىزلىرى، ئۇنىڭ ئىزىدا قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغانىدى، رابىيە جابىرغا قاراپمۇ قويمىدى، ئۇنىڭ چۇۋۇق چاچلىرى يېيىپ تۇرغان يۈزىدە توسۇۋالغۇسىز غەزەپ ۋە بىر خىل ئىچكى ئازابىنىڭ ئالامەتلىرى روشەن تەپچىپ تۇراتتى. جابىر ئۇنىڭ بوي - تۇرقىغا باشتىن - ئاخىر سەپسالدى. يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى يېرىلغان، يىرتىلغان كۆڭلەكلىرىدىن ئاپپاق بەدىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جابىر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلىپ ساڭگىلاپ قالغان يىرتىق كۆڭلىكىنى ئۇستىگىرەك تارتىپ قويماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتتى.

— قولۇڭنى تارت!

هاۋا گۈلدۈرلىگەندەك جاراڭلىق بىر ئاۋازدىن جابىر چۆچۈپ ئارقىسىغا داجىدى. سەئدىن رابىيەنى ئۆز بەدىنىنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ جابىرغا يۈزلەندى، رابىيە بېشىنى سىلكىپ كۆتۈرۈپ غەزەپ بىلەن جابىرغا تىكىلدى. شۇنچە كۆپ جامائەت ئالدىدا رەقىبلەرنىڭ ئاشكارا هالدا بىر - بىرىگە يۈزلىنىپ ئۆز تۇرمۇش قارىشىنىڭ ھەقىقەتىنى دەۋا قىلىشى كىشىلەردە ھاياتلىقتا بولغان چۈشەنچىنى قايتا تونۇغاندەك ئىدى. كىشىلەر گۇرىرىدە كېلىپ ئۇلارنى ئورىۋالدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىنسانىي ئەركىنلىك بىلەن هوقۇق ۋە ئابرۇينىڭ كۈچ - قۇدرىتى

كەسكىن ئېلىشماقتا ئىدى. قايسىنىڭ مەغلۇپ بولۇپ قايسىنىڭ غەلىبە قىلىشى، قايسىنىڭ قوللۇقتا چۈشۈپ، قايسىنىڭ نۇسرەت تاجىسىغا ئىگە بولۇشى تېخى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن جىددىي مىنۇتتا جابىر تاسادىپىيلىقتىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ مىنۇتلۇق جىملىقتا چۆكتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتىۋاتقىنى ھوقۇقنىڭ قۇدرىتى ئەمەس، بەلكى شۇنچە خەلقئالەم ئالدىدا نەدىكى بىر چۈپرەندە تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىۋاتقان ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئىدى، ئۇ ئۇنىڭ ئۇنچىۋالا ئاسان خازان بولۇشىنى، ئۇنچىۋالا تېز لا غولاپ چۈشۈشىنى ئەسلا خالىمايتتى. ھوقۇقنى ھوقۇق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ دەپسەندە قىلىنىۋاتقان يۈز ـ ئابرۇي بىلەن، كىشىلەرنى تىنىماي ئىشلىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن بايلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈشكە ئادەتلەنگەن بۇ كىشىنىڭ نەزىرىدە ئىززەت ۋە ھۆرمەت ھەممىدىن ئۇلۇغ ئىدى. ئۇنىڭ دىلىدا ئۆزىگە ھاياتلىق بېرىۋاتقان بۇ نەرسە ئەمدى ئاشۇ يالاڭتۆش تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىۋاتىدۇ، شۇنچە كۆپچىلىك ئالدىدا يەرگە ئۇرۇلۇپ قېقىلىۋاتىدۇ، ئەمدى ئۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرالامسۇنمۇ؟

ئۇ غەزەپتىن تىترىگەن پېتى ياقۇپنىڭ قولىدىكى ئىككى تىللىق قامچىنى ئالدى ـ دە، سەئىدنىڭ باش ـ كۆزىگە ئاياۋسىز ئۇرۇشقا باشلىدى، ھەربىر قامچا ئىزىدىن بارماق چوڭلۇقىدا ئىششىپ چىققان بەدەندىن جىرتىلداپ قان ئېتىلىپ چىقاتتى، سەئىدىن زورۇقۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشماقچى بولسىمۇ،

لېكىن قولى باغلاقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن زورۇقۇشلىرى بەربىر ئىدى. بۇ ھالغا چىداپ تۇرالمىغان ئىبراھىم ئاتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغان پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدىمۇ قانداق، ئاداققى سەۋرىنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ كىشىلەر ئارىسىدىن ئېتىلغانچە جابىرنىڭ قولىدىكى قامچىغا ئېسىلدى، ھېلىدىن بېرى سۈكۈتتە تۇرغان جامائەت تەۋرەشكە باشلىدى، بۇ خىل ۋەزىيەتتىن كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۆلچەرلىگەن ئىمام دەرھال سۆز ئالدى:

— ئىبراھىم ئاخۇن، تىنچلانغىنىمىز تۈزۈك! يۇرت ئاتىسىنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە پەند - نەسىھەت قىلماقلىق جائىز، بالىلارنى بىئەتچىلىكتىن توسماي، ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا قويۇۋەتكىنىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆبدانلا كۆرۈۋاتىمىز، بېگىم ھەقتائالانىڭ يولىنى تۇتۇپ، بالىلىرىغا ھارامدىن قېچىپ ھالالنىڭ يولىنى تۇتۇش توغرىسىدا ئەدەپ بېرىۋاتسا بولاشماقتا يوق، ئۇنى توسقانلىرى نېمىسى؟

— مەن كىمنىڭ قانداق ھالالىغا ئېچىمنى ساپتىمەن؟ كىمنىڭ قانداق ھالال مېھنىتىگە قارا ساناپتىمەن؟ خۇدا ئادىل بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، ئۆمرۈمنىڭ مۇشۇ چېغى ئۆز مېھنىتىمنىڭ بەدىلىسىز كىشىنىڭ قىلىغا يامان نىيەت بىلەن قارىغىنىم يوق!

— تىلىڭنى تارت! ھۆ ئىمان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن

دەھرى!

سەئىدنىڭ سۆزىنى جابىرنىڭ غەزەپ بىلەن قىلغان يوقىرىقى سۆزى ئۈزۈپ قويدى:

— سەن ئاشكارا ھالدا خۇداغا قارشى چىقىۋاتىسەنيا؟

جابىر بىر تەرەپتىن سەئىدنىنى قارىلاپ، بىر تەرەپتىن قولىدىكى قامچا بىلەن ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى، رابىيە بۇ ھالغا چىداپ تۇرالمىدى ـ دە، كۆكرىكىنى جابىرنىڭ قامچىسىغا توغرىلاپ، بەدىنى بىلەن سەئىدنىنى توستى. جابىرنىڭ قان تولغان كۆزلىرىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ رابىيەنى ئىككى ـ ئۈچ قامچا ئۇردى. رابىيەنىڭ بەدەنلىرى قانغا بويالغانىدى. ئۇ بەدەنلىرىنىڭ چىدىغۇسىز ئاغرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ غەيرەتلىنىپ جاراڭلىق ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەي «مۇسۇلمانچىلىق»! ئەي «ئادەمگەرچىلىك» ! خۇدا كالامىدا تاپقانلىرىڭلارنى، يىغقانلىرىڭلارنى مانا مۇشۇ خىلدىكى ئادەمگەرچىلىككە سەرپ قىلىڭلار، ئادەم بولۇشنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەنە شۇ دېگەن بولسا، ئۆزىنى ئەنە شۇنداق موما ياغاچقا ئۇخشىتىپ يۇرتنى «كۆكەرتىپ» ئەلنى « روناق تاپقۇزۇۋاتقان» ئاشۇ كىشىلەر ئاللانىڭ ئاشۇ خىل پەرھىزلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشتىن باش تارتقان دەھرىيلەر قاتارىدا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ تېگىشلىك جازاسىغا ئۇچرىمايدىكىنە؟

مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدىسى شەرم ـ ھايا، نومۇس

ئۆلچەملىرى بىلەن تولۇقلىنىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئاشۇ خىل نومۇسنى پۇل، ئابرۇي، شەھۋانىيلىق، ھوقۇق ئۈچۈن تېگىشكەن؛ شۇ تۇپەيلى ئۆزىنىڭ نەپسىنى ئاۋۇندۇرغان كىشىلەرگە خۇدا مۇشۇ يورۇق دۇنيادىلا تېگىشلىك جازاسىنى كۆرسەتمەيدىكەنە؟ يۇرت ئىگىلىرىنىڭ دۇئاسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەلنى باشلىشى بىلەن كۆكىرىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن كۆز ئالدىدىكى بۇ تەبىئەت زوراۋانلىقىنى بىر دۇئا بىلەن توسۇپ قالالمايدىكىنە؟ ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار كۆرسەتكەن پەرز ۋە قەرز ھەقىقىي تۇردە ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسەتكەن بولمامتى؟ مېھنەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ھارام بىلەن ھالالنىڭ پەرقىنى بىلىدىكەنۇ، ھارامنى يېگەن ئادەمنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى بىلىدىكەنۇ، خەلقنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن نېمەتتىن ھېچبىر مېھنەتسىزلا ھالاۋەت كۆرۈشنى نېمىدەپ چۈشىنىدىكىنە؟ ئى، خۇدا! مۇسۇلمانچىلىقنىڭ، ئادەمگەرچىلىكنىڭ پەرھىز ۋە قائىدىلىرى ئەنە شۇ يوسۇندا ئىجرا قىلىنىدۇ دېيىلىدىغان بولسا، ئۆمۈرۋايەت ئاسىي قاتارىدا سانىلىپ ئۇ دۇنيادا قانچە يىللاپ دوزاخ ئازابىنى تارتساممۇ رازىمەنكى، مېنى ئاشۇ ئاسىيلار قاتارىدا قىلمىغىن! ۋۇجۇدۇمدىكى ئادەمگەرچىلىك يولىنى بوغۇۋەت!

رابىيە ئاستاغىنە سەئىدىنگە يۆلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ رەڭگى تاتىرىپ، ھوشسىزلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. سەئىدىن

ئۇنى بەدىنى بىلەن يۆلەپ ئاستا ئولتۇردى. رابىيە يانپاشلىغىنىچە يەرگە يىقىلدى، ياقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى، ئۇنىڭ چېھرىدە يا قىزنىغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، ياكى بولمىسا جابىرنىڭ پىكىرلىرىنى قۇۋۋەتلەيدىغان ئالامەتلەرنى دەماللىققا ھېس قىلغىلى بولمايتتى، بۇ ھالەتنى كۆرۈپ ئىمام دەرھال جابىرنىڭ قولىدىكى قامچىنى ئالدى.

كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قورالسىز ئاجىزە بىلەن زەبەردەس ئەرنىڭ بۇنداق سورۇندىكى ئېلىشىشىدا گەرچە نۇسرەت ئەرگە تالىق بولسىمۇ، مەنىۋى غەلىبە ھامان ناتىۋانغا مەنسۇپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز ئەركىنى دەپ جاڭگالغا باش ئېلىپ كېتىشى جابىرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى نەچچە ھەسسە تۆۋەنلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن جابىر ئۇنى بىلىپ يەتمىدى، ئۇنى ئاز دېگەندەك، رابىيەنىڭ ئاشكارا ھالدا ئۆز گەۋدىسى بىلەن سەئدىنىنى قامچا زەربىدىن توسۇشى ۋە ئۇنىڭغا تېگىشلىك زەربىدىن نېسىۋە ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىھوش بولۇپ يىقىلىشى جابىر ئۈچۈن يېتەرلىك مەغلۇبىيەت ئىدى، كىشىلەر بۇنى تولۇقى بىلەن تونۇپ يەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇلاردا بۇ ئاجىزەگە نىسبەتەن ھېسداشلىق، ئۇنىڭ جاسارىتىگە بولغان قايىللىق ئالامەتلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشاتتى.

قىز ئەمەس، ۋىجدانلىق يىگىتكەن رابىيە. ياقۇپنىڭ

ئەرلىكىگە ۋاي! بويىنىغا تىلتۇمار سۇپىتىدە ئېسىپ ساقلايدىغان قىز بوپتىكەن، قاراڭلار ئۇنىڭ مەردانىلىكىنى، قاراڭلار ئۇنىڭ جاسارىتىنى ؟! ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن ۋاپادارلىقنىڭ مەڭگۈلۈك نىشانىنى تىكلىدى. ئەمدى ئۇنى كىم ئۆرۈۋېتەلەيدىكىنە؟

شۇنداق! ئۇ چىن سۆيگۈسى بىلەن ۋاپادارلىقنىڭ ئەبەدىي يىقىلماس مۇنارىنى تىكلىدى. سۆيگۈ ئويغاتقان جاسارەت بىلەن قۇللۇق قاپقىنىغا شىددەتلىك ئوت ئېچىپ، نەچچە مىڭ يىللاپ مەھكۇملۇقتا ياتقان ئىنسانىي ھوقۇقنى تارتىپ چىقاردى. ياشاشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ، ئۆز ئەركىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشنىڭ زەپەر مارشىنى ياڭراتتى!

سەئىدىنىنىڭ ۋۇجۇدىدا توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر خىل جاسارەت جۇش ئۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە شۇ تاپتا نە ئاتا، نە جامائەت، نە ئىمام كۆرۈنمەيتتى. پەقەت يەرگە قارىسا مېھىر - مۇھەببەتكە تەشنا ناتىۋان قىزنىڭ زورلۇق تۇپەيلى سولغان چىرايى، ئالدىغا قارىسا، قاباھەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغان بىر ياۋۇزنىڭ كۆرۈمسىز بەشىرىسى! ئۇنىڭ تەلەتىدىن توختىماي يېغىۋاتقان زەھەرخەندىلىك، قارا نىيەتلىك ۋە نەپسانىيەتلىك خازان بولغان ناتىۋاننى تاشلاپ ئەمدى ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە سانجىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ دەس ئورنىدىن تۇردى - دە، ئوقتەك ئېتىلغانچە بېرىپلا جابىرنى قاتتىق ئۇستى. بىر كاللا بىلەن تىك

موللاق چۈشكەن جابىرنىڭ يۈز ـ كۆزى يېرىلىپ چىرايى خۇددى قان يالىغان ئىتقا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ يەردە يېتىپ ئىڭرايتتى. جان تالىشىۋاتقان قاۋان توڭگۇزغا ئوخشاش پۈت ئېتىپ ۋايجانلايتتى، بۇنى كۆرگەن چاپارمەنلەر دەرھاللا سەئدىن بىلەن ھەسەننى پومداقلاپ يەرگە بېسىۋالدى. ئىمام دەرھال بېرىپ جابىرنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى، جابىر قولىدىكى قامچىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە سەئدىنگە ئېتىلدى. لېكىن، ئىمام ئۇنىڭ قولىدىكى قامچىنى توختىتىپ قالدى. جابىر يۈزىدىكى قاننى ئېتىپ تۇرۇپ دېدى:

ـــ ئىسيانكار بەتبەختلەرنى ھازىرلا يامۇلغا ھەيدەپ بېرىڭلار! ئىمانسىزلىق قىلىپ كىشىلەرنى تاپتىن چىقارغانلىقىنىڭ، كىشىنىڭ ھەققىگە قارا ساناپ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنىڭ، ھاكىمىيەتكە قارشى چىقىپ ئاشكارا ئىسيانكارلىق قىلغانلىقىنىڭ جاجىسىنى كۆرسۇن!

چاپارمەنلەر ھەسەن بىلەن سەئدىننى ئالدىغا سېلىپ مېڭىشتى. سەئدىن يەردە ھوشسىز ياتقان رابىيەگە چوڭقۇر مېھىر بىلەن قاراپ ـ قاراپ كېتىپ قالدى. ياقۇپ رابىيەنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ ئۇنىڭ چېكە چاچلىرىنى تۈزىدى. ئۇنىڭ قان قاچقان يۇمىلاق يۈزى تۇمان ئىچىدىكى ئايدەك كۆرۈنەتتى. جابىر ئۇنىڭغا لەپپىدە كۆزى چۈشتى ـ دە، ۋۇجۇدىدا بىر خىل تاتلىق سېزىمنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تارىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئۇ

ئىمامغا رابىيەنى ئىشارەت قىلىپ مەپىنى كۆرسەتتى. ئىمام جابىرنىڭ بۇ كۆرسەتمىلىرىدىن ھەممىنى چۈشەنگەندى. شۇڭا، ئۇ ياقۇپنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا:

ــ رابىيە قىز ئوغرىلارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن كۆپ رىيازەت چەكتى. ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ ئوبدانراق داۋالىتىپ، بېگىمنىڭ ئۆيىگە تېزراق ئاپىرىدىغان ئىشنى قىلايلى.

ــ ئىلتىپات، كەڭچىلىك دېگەن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولمايدۇ ياقۇپ ئاخۇن. ئۇلار يامۇل ھەپسىدە قانچە يىل ياتىدۇ، ئۇ يەردىن چىقامدۇ ـ چىقمامدۇ، بۇمۇ خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش، ناۋادا بېگىم تويدىن يېنىۋالسا، چىقىمنىڭ ھەممىسىنى شۇ پېتىچە بېگىمگە قايتۇرىدىغان گەپ. بۇنداق ئىشتىنغۇ خۇدايىم ئۆزى ساقلا، ھەر ھالدا قىز دېگەن كالا گۆشى نەرسە، چۈشىن قونغاندىن كېيىن ئىش تەس! قېنى، ھە، مەپىگە سالايلى.

ئۇلار رابىيەنى مەپىگە سېلىشتى. ئىككى ئاتلىق مەپە چاڭ ـ توپا توزىتىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

سەينانىڭ بىر بۇلۇڭىدا خېلىدىن بېرى قايناۋاتقان قازاندىكى ئۇماچ قىيماق تۇتۇپ سارغىيىشقا باشلىغانىدى. ئاشپەز جابىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قانداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغانىدى، ئۇ جامائەتكە تارقىتىپ بېرىشنى ئېيتتى. كىشىلەر قاچا ـ قۇچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ گۇرر بىدە قازان بېشىغا ئولاشتى. جابىر بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ ئىمام بىلەن بىللە ئۆي تەرەپكە يول

ئالدى. ئۇلار نەزىردىن كېيىن جامائەتكە نېمىدەپ ۋەز ئېيتىدىغانلىقىنى، نەزىرنىڭ نېمە مەقسەتتە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، ئۇنىڭغا يۇرت ئىگىلىرىنىڭ قانچىلىك نەرسە سېرىپ قىلغانلىقىنى يۇرتقا ئۇقتۇرۇشنى، بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇرت ئىگىلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە قىلىۋاتقان ئىلتىپاتى ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرىدىغان مەقسەتلىرىنى يادىدىن چىقىرىشىپ، ھەسەن بىلەن سەئىدىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى توغرىسىدا باش قاتۇرۇشتى:

— بۇ ئىككىسىنى بۈگۈندىن قالدۇرماي يامۇلغا يوللايلى بېگىم.

جابىر سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئەگەر ھەسەننى سەئىدىن بىلەن بىللە يامۇلغا يوللىسا، جاڭگالدىكى بىر قوتان قويغا كىم قارايدۇ؟ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان قەرزىنى كىم تۆلەيدۇ؟ قىسقىسى، ھەسەننى قويۇپ تۇرۇپ ئۇنى ئوبدانراق ئەدەپلەپ، سەئىدىنىڭ توقۇمىنى يۈختىراق تىكىپ ئۇنىڭ ئۆزىنى يالغۇز يوللاش كېرەك!

جابىر بۇ پىلاننى ئىمامغا ئېيتتى، ئىمام باش لىڭشىتىپ شەكسىز قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۇردى ۋە ئاخىرىدا مۇنداق قوشۇمچە قىلدى:

— ئۇنى يوللاپ قويۇش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ بېگىم، ئۇلارنىڭ نەپسىمۇ يوغىناپ كەتتى، ھەپتىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزلىرى

بىر قېتىم بېرىپ، دوتەي بىلەن ئايرىمچە كۆرۈشمىسىلىرى، ناۋادا ئىبراھىم سىلىدىن بۇرۇن بېرىپ قالسا ...

— ھە، بۇ گەپمۇ ئوبدان بولدى، يۈزبېشىلارغا ئېيتىڭلار، مېنىڭ شەھەرلىك جابدۇقۇمنى ئوبدانراق راسلاپ قويسۇن!

## ئۇنىڭ قارارى

ياقۇپ رابىيەنى ئۆيگە ئېلىپ كەلگەندە ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ يەتمىگەن كۆڭۈلسىزلىككە دۇچ كەلدى؛ ھويلا ـ ئارامدىكى بېدىشلەر بوراندا ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ، ئەمدىلاتىن ئۇۋچىنلىغان ئۈزۈم تاللىرىنى يۆگەپ يەردە ياتقان؛ باغۋاراندىكى سۇنغان دەرەخ شاخلىرى جايىدا تۇرغان بولۇپ، قورۇ ئادەتتىن تاشقىرى چۆلدەرىگەن، گويا ئۇزاقتىن بۇيان ئادەم ئولتۇرمىغاندەك ئىدى، ياقۇپ رابىيەنى مېيىدىن كۆتۈرۈپ ئالغانچە ئۆيگە كىردى. توي مەرىكىسى دەپ ئاتالغان ھېلىقى كۈندە لازىملىق ئۈچۈن ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىلغان نەرسىلەر تۇرغىنى تۇرغان جايىدا؛ نەرسە ـ كېرەكلەر دەھلىزدە رەتسىز ۋە قالايمىقان بولۇپ، ئۆيدە ھاياتلىق يوقتەك ئىدى، ياقۇپنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلدى، ئۇ رابىيەنى ئىچكىرىكى ئۆيگە ئېلىپ كىردى ـ دە، گىلەم ئۈستىدە ياتقۇزۇپ قويۇپ، تۆردىكى ئۆيگە كىردى، ئۇ كىردىيۇ، تۇرۇپلا قالدى، ئۆي ئىچى ناھايىتى

قالايمىقان، تۆردىكى تۆشەكتە ئورۇن تۇتۇپ ياتقان ئانىسىنى يەلپۈپ زۆھرە يىغلاپ ئولتۇراتتى، ئۇ دادىسىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ باغرىغا ئوقتەك ئېتىلغۇسى كەلدىيۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ بولۇپ، يەنە ئانىسىنىڭ بېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مونچاقتەك ئاققان ياش تامچىلىرى ئانىسىنىڭ مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەنگە ساقىماقتا ئىدى، ياقۇپ ئايالىنىڭ بېشىدا ئۇنىڭغا نېمەرنى دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى، زۆھرە ئانىسىنى ئاستاغىنە تۇۋلىدى، ئانىسى كۆزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تۇرۇپ جابىر، تۇرۇپ غەيرىي بىر مەخلۇق، تۇرۇپلا رابىيە كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈردى ۋە ياقۇپنى ناھايىتى تەستە تونۇدى، ئۇنىڭ لەۋلىرى مىدىرلاپ بىرنېمىلەرنى دېدى. ياقۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قۇلىقىنى يېقىن ئەكەلدى.

— رابىيە قېنى؟

— كەلدى، ئەنە ئۆيدە، سىلىنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

— مەن چىقاي، باغرىمغا تاڭاي.

ئۇ ئورنىدىن قوزغالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن مادارى يوق ئىدى، ياقۇپ ئۇنى يۆلىدى ۋە ئاستا يېتىلەپ رابىيە ياتقان ئۆيگە ئېلىپ چىقتى. رابىيە ئەڭرىغانچە سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ئانىسى ئۇنىڭ سولغۇن ھالىتى، يىرتىلغان كۆڭلەكلىرى چاپلىشىپ تۇرغان يالىڭاچ ئېتىدە ئۇيۇپ قالغان قان داغلىرى ۋە قامچا ئىزلىرىنى كۆردى، ئۇنىڭ يۈرىكى ئېغىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ

ئۇ ۋاقىتتا ئېتىلىۋاتقان يامغۇر ئاۋازى رابىيەنىڭ ئۇستىدىن ئۇرغان يامغۇر تامچىلىرىدەك تۇيۇلدى

ئۇقتەك ئېتىلغانچە رابىيەنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ يىغلايتتى، قەلبىدىكى ئازاب ۋە ھەسرەتنى ناخشىغا قوشۇپ يىغلايتتى. دەم زۆھرەنى باغرىغا بېسىپ، دەم رابىيەنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلاپ يىغلايتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلاتتى، كۆز ياشلىرى قۇرۇپ قەلبى ھەسرەتتىن پۇچىلىناتتى.

رابىيە ئاستا كۆزىنى ئاچتى ۋە ئانىسىنىڭ ئۆز بېشىدا يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، ئۇ بەدەنلىرى سىرقىراپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى، ئورنىدىن تۇرغۇدەك مادارى يوقلۇقىنى، بەدىنىنىڭ قۇرۇپ، بىر تەشنالىقنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغانلىقىنى سەزدى.

ــ سۇ!

زۆھرە يۈگۈرگەنچە چىقىپ بىر پىيالە سوغۇق چاي ئېلىپ كىردى، رابىيە بىر ئوتلام ـ بىر ئوتلامدىن ئىچىپ بىر پىيالە چاينى تۈگەتتى، ئۇنىڭ بەدەنلىرىگە ئازراق جان كىرگەندەك ئىدى. ياقۇپ دەرھال تۆشەككە ئورۇن راسلىدى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ قايتىدىن ياتقۇزدى، قانداقتۇر بىر خىل ئىچكى ئازاب تۇپەيلى مادارىدىن كەتكەن ئانىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا ھاياتلىق شامى قايتا يانغاندەك بولدى.

ئارىدىن بەش ـ ئالتە كۈن ۋاقىت ئۆتتى، ئانا خېلىلا ئەسلىگە كەلگەندەك بولسىمۇ، لېكىن رابىيەنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان قايغۇ ـ دەرد ئاسانلا بوشاپ كېتىدىغاندەك ئەمەس

ئىدى، ئۇ رابىيەنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەن قىسمەتلەرنىڭ سىر - ئەسرارىنى ئۆزى چۈشەنگەن ۋەقەلەردىن ئىزدەپ باققۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئويلاشنى، ئۇنىڭدىن پۇچىلانغان قەلبىنى يەنە زېدە قىلىشنى خالىمىدى.

ياقۇپ بەش - ئالتە كۈندىن بېرى ئۆيدىن سىرتقا چىقماي، بۇزۇلغان نەرسىلەرنى ئوڭلاش بىلەن بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى يەنىلا جابىر تەرەپكە تارتىپ تۇراتتى، ئىمامنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى، جابىرنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ۋەدىلىرى بىر - بىرلەپ ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇراتتى.

بىركۈنى ئۇ ئايالىغا ئىمامنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈردى. ئايالى خېلى ئۇزۇنغىچە جىمىپ كەتتى ۋە بىر ھازادىن كېيىن بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ياقۇپ كەتكەندىن كېيىنكى ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى.

ياقۇپ جابىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بەش - ئالتە نەپەر ئاتلىقلار بىلەن ھەسەننىڭ تەكلىماكاندىكى قوتنىغا كەتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئىمام ياقۇپنىڭ ئۆيىگە كەلدى، رابىيەنىڭ ئانىسى ئالدىنقى كۈندىكى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىشتىن دەرمانسىزلىنىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. ئىمام ئايالغا رابىيەنى نەگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتىشقا قىستاپ تۇرۇۋالدى. ئانا ئۇنىڭغا زادى نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى قايتا - قايتا ئېيتسىمۇ ئۇ پەقەتلا ئۇنىمىدى، -

بىر ئانا بولغان ئادەم قىزىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمىسە ئۇنى قانداقمۇ ئانا دېگىلى بولسۇن، دەپتۇ ئۇ ئانا راستىنلا بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوقلۇقىنى، ئايشەمخانىنىڭ دېگەنلىرى راست ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئىككى يايى ئايشەمخانىنى قاتتىق سوراققا ئالدى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ھېچبىر جاۋابقا ئىگە بولالمىغاندىن كېيىن بولسا، ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپ داقىراتقانچە سۆرەپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىدى، شۇنىڭدىن كېيىن رابىيەنىڭ ئانىسىغا ئىمام تەھدىت ئىشلىتىپ، ئەگەر ياقۇپ ئاخۇن رابىيەنى تېپىپ كېلەلمىسە، توي چىقىملىرىنى ھەسسىلەپ تۆلىگەندىن سىرت، يۇرتتىن دەرھال كۆچۈپ كېتىشكە تەييارلىق قىلىپ قويۇشىنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن بېرى ئانا دەرمانسىزلىنىپ يىقىلىپ قالغانىدى.

ئانا شۇلارنى ياقۇپقا بىر قۇر سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يۇرتتىن كۆچۈپ كېتىش توغرىسىدا مەسلىھەت سورىدى.

— بۇنداق گەپنى ئىككىنچىلەپ ئېغىزغا ئالغۇچى بولما، ئەڭگۈشتەر مانا قولىمىزدا ئەمەسمۇ؟ يۇرتتىن كۆچۈپ نەگە بارىمىز؟ ياشايمىز، ئەمدى تۈزۈك ئادەمدەك ياشايمىز.

ياقۇپنىڭ بۇ سۆزىدىن ئانىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆزىمۇ ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل ئازابنىڭ كۆلەڭگىسى سايە

سالـغاندەك بولـدى. قەلبى هـەسسلـەپ پۇچىلانغاندەك بـولـدى. لېكىن، قەلبىنى تاتىلاپ، يۈرەك باغرىنى ئېزىۋاتقـان هەسرەتنـى ئۇ يـاقۇپقا ئـېيتـمـشتـىن قـورقاتتـى. چـۈنكى، ئـۇ قـىز باقـقـان، خەلقئـالەم ئالدىدىكى ئىززەت ـ هۆرمىتىنى ئۆزىنىڭ ئىنسانـىي بۇرچىنى، ئەدەپ ـ قائىدە يوسۇنلـىرىنى ۋە مـىجەزىنى ئـۇنىڭغـا تەبىئىي هالدا سىڭدۈرۈپ چوڭ قىلغان. ئەنە شۇلارنىڭ هەممىسى پەقەت ئاشۇ قىزى ئارقىلىق، ئاشۇ قىزىنىڭ مىنۇتلـۇق ۋاقىتتـا قولىدىن كەتكۈزۈپ قويـىدىغان يـاكى ئاشۇ مـىنۇتلـۇق ۋاقتىنـى كەلگۈسى، ئىنساني هـۆرمىتى، ئـاتا ـ ئانـىسىنـىڭ مېهـنـەت ـ ئەجرى ۋە ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىنساني قائىدىنىڭ يـۈز ـ خاتـىرىسى ئـۇچـۇن ئـاتـاپ چـىدام ۋە تـاقـەت بـىلـەن ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان غەيرىتىگە باغلىق ناهايىتى چوڭ ئىش ئىدى. ئۇ شۇ مىنۇتلۇق ۋاقتىنى چىدام بىلەن ئۆتكۈزدىمۇ ياكى ئىنىس ـ جىن بارمايدىغان ئاشۇ چۆلدە قۇم بـارخانلـىرىنى گۇۋاهـلىققـا تارتىپ لەنەتكەردى زامانىنىڭ قارا چېهرىنى پەردازلىدىمۇ؟ ئەگـەر مۇشـۇنداق بولغـان بولسا، ئـەمدى قانداق قـىلغۇلـۇق؟ قىزنـىڭ جابىردىن قېچىپ ئۆز مەيلىنى ئىختىيار قـىلىپ يـۇرتتىن بـاش ئېلىپ چىقىپ كېتىشىگە ئىزاهات بېرىپ كىشلەرنىڭ ئېغىزىدا بۇ توغـرىدا تولۇق چۈشەنچە هـاسىل قـىلىپ، يۇرت ئـالدىدىكى رەسمىيەتنى بېجىرگىچە بۇ ئىش تـۆپىلەپ يـۈز بەرسە ئەمـدى قانداق قىلغـۇلۇق؟ پەرزەنتىنىڭ ئانـا ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتـى،

ئاننىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى ھۆرمىتى نەگە يوقىلىدۇ؟ نەچچە يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە ـ ئادەتكە ئەمدى نېمىدەپ جاۋاب بېرىش مۇمكىن؟ ئانا شۇلانى ئويلاپ غەمكىن قەلبىگە ئۇستىلەپ دەرد قوشۇلۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، بۇ ئازابنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتىش ياكى بولمىسا، ياقۇپنىمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن كۆڭلىدىن كەچكەنلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىشقا نەچچە رەت تەمشەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ چاچقۇن، غەلىتە مىجەزىنى ئويلاپ بۇ خىيالدىن ياندى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى زادىلا تىنمىدى، بىركۈنى ئۇ ياقۇپتىن رابىيەنى نەدىن تاپقانلىقىنى، قانداق ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سورىدى، مۇشۇ يول بىلەن ئۆزى كۆزلىگەن مەقسەتنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ئۇنىڭ ئىشەنچى بار ئىدى، ياقۇپ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى باشتىن ـ ئاخىر سۆزلەپ بەردى.

ياقۇپ چاپارمەنلەرنى باشلاپ يولغا چىققان ئاخشىمى پۈتۈن يۇرتنى ئاختۇرۇپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. جان ئاچچىقىدا ئىبراھىم ئاخۇننى جابىرنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ سوراقتا تارتتى، لېكىن ئۇمۇ سەئدىن توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ جىممىدە تۇرۇۋالدى، جابىر غەزەپلەنگەندى، ئۇ ئىبراھىم ئاخۇننى ھويلىدىكى سېدىگە باغلاپ قاتتىق ئۇرغۇزغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئېنىق بىر جاۋاب ئالالمىدى، ئىلاج قىلالمىغان جابىر ياقۇپنى يېتەكچى

قىلىپ خىللانغان ئالتە نەپەر ئاتلىقنى قوشۇپ ئۇنى تەكلىماكانغا سەھەرلەپ يولغا سالدى.

ئۇلار يۇرتتىن ئايرىلىپ ئىككى كېچە ـ كۈندۈزدە ھەسەن بار يەرگە يېتىپ باردى، ياقۇپ يىراقتىنلا بىر كەپىنى كۆردى ۋە ئۇ يەردە چوقۇم ئادەم بارلىقىنى جەزم قىلىپ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتتى، كەپىدە سەئىدىن بىلەن ھەسەن قىزىق پاراڭغا چۈشكەن، رابىيە بۇلۇڭدا ئۇخلاۋاتاتتى. ياقۇپ ئادەملىرىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگىلا چۈشتى، ھەسەن بىلەن سەئىدىن ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ باقماقچى بولسىمۇ، لېكىن قورال ئالدىدا قۇرۇق قول ھېچ نەرسىگە كار قىلمىدى، ياقۇپ ئۇلارنى ئاتقا مەھكەم باغلاپ ئاتلارنى بىر ـ بىرىگە چاتتى ـ دە، بىرەيلەننى كەپىدە قالدۇرۇپ يۇرتقا قاراپ يولغا چىقتى. يولدىكى تەشنالىق، ھارغىنلىقنى ئاز دېگەندەك پەلەكنىڭ گەردىشى ئۇلارغا قاتتىق بورانىنى توغرىلىغانىدى. ئۇلار ئامالسىز ئاتلارنى چۈشەكلەپ، رابىيە بىلەن سەئىدىن قۇملۇقتا قەدەم ئالغان دەسلەپكى سەھەردە نانوشتا قىلغان بۇلاق بويىدىلا تۈنەشكە مەجبۇر بولدى. ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ جان ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇۋاتقان بۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ رابىيە سەئىدىننىڭ قولىنى بوشىتىۋەتتى، سەئىدىن ھەسەننىڭ قولىنى يەشتى، ۋاقىتلىق ئازادلىققا ئېرىشكەن بەدەنلەردە يىگىتلەرنىڭ غۇرۇرى ئۇچقۇنلىغانىدى، سەئىدىن غەزەپ بىلەن بىر چاپارمەننىڭ

ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى، ھەسەن يەنە بىرى بىلەن پومداقلاشتى، لېكىن بەش ـ ئالتە نەپەر قوراللىق ئادەم ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى بەربىر ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تۇتقۇنلارنى ئالدىغا سالغانچە قەدەمدە بىر قامچىلاپ يۇرتقا ئېلىپ كەلدى.

— ئۇلارمۇ شۇ كۇنى بىرىپتىكەنمۇ ئۇ يەرگە؟ — ئايال ياقۇپتىن تەشۋىش ئارىلاش سورىدى.

— تېخى بىزنىڭ ئالدىمىزدىلا بېرىپتىكەن.

ئانا ياقۇپنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە ئاڭلاپ ئولتۇرۇپلا قالدى، ئۇنىڭ قەلبىدە ياقۇپقا ئېيتالمايۋاتقان ھېلىقى سىر يەنىلا سىر پېتىچە قالدى، ئۇ بۇ سىرنى رابىيەنىڭ ئۆزى ئارقىلىق يەشمەكچى بولسىمۇ، لېكىن رابىيەنىڭ ھازىرقى ھالىتىدە ئۇنىڭغا بۇ توغرىدا بىر نەرسە دېيىش تولىمۇ تەس ئىدى، ئانا ۋاقتى كېلىشىنى كۇتتى.

رابىيەنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىغا ئىككى ئايدىن ئاشتى، بۇ ئىككى ئاي ئۇنىڭ خىيالىغا نۇرغۇن ئويلارنى سالغان، ئۆزى دۇچ كەلگەن قىسمەتلەرنىڭ سىر ـ ئەسراتىنى قايتا ـ قايتا تەھلىل قىلىشقا زورلىغان ئىككى ئاي بولدى، ئانىسىنىڭ بارلىق مېھرىبانلىقلىرىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىشى، ۋۇجۇدىدىكى ئارامسىزلىققا داۋا ئىزدەپ يۇرتمۇ يۇرت تېۋىپ ئىزدەپ يۈرۈشلىرى، سىڭلىسى زۆھرەنىڭ ئۇنىڭ

كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ئۇچۇن شوخلۇق قىلىشلىرىدىن بىر شىپالىقنىڭ بەدىنىگە تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتتى، زۆھرە بىلەن ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ھويلا ـ ئاراملارغا چىقىپ تەبىئەتنىڭ ئۆزگىچە بېرىۋاتقان لەززىتىدىن ئاراملىق ھېس قىلغاندەك بولدى. بۇ ھال ئانىدا رابىيەگە بولغان ئۈمىدۋارلىقنى كۈچەيتىپ ئۇنىڭ ھاياتىغا بولغان ئىشەنچىنى خېلىلا ئۇلغايتتى، ئۇ ئەمدى ئۇزاقتىن بۇيان قەلبىگە ئارامسىزلىنىش ئېلىپ كېلىۋاتقان بىر سىرنى رابىيەدىن سوراپ بىلىشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى، بۇ سىرنى يەشكەندىلا ئانىنىڭ قەلبى ئارامىغا چۈشۈپ كۆڭلىدىكى غۇۋۇغا يا بىراقلا پۈتكۈل جىسمىنى ۋەيران قىلىدىغان، ياكى بولمىسا، باشقىچە يېڭى تۈيغۇدا ئۇنىڭغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدىغان ھالەت شەكىللىنەتتى، ئۇ بىر كۈنى رابىيەنىڭ ناھايىتى خۇشچاغ ھالىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىن بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىدى، رابىيە قەلبىدە چېقىن چېقىپ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنىڭ پارتلاش ھالىتىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى، بۇنداق ئىشلارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانلىقىنى ئويلىدى، ئانىسىنىڭ بۇ سوئالنى سورىشىدىن بىرئاز خاپا بولغاندەك بولسىمۇ، لېكىن ئانا بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا تېخى تولدۇرۇلمىغان بىر بوشلۇقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئۆزىنىڭ ھايات مەقسىتىنى، كۆڭلىدىكى مۇددىئا ـ مەقسەتلىرىنى ئانىغا قويماي

ئېيتىپ بەردى.

رابىيە بۇنداق ئىشلارنى ئويلاپ يەتكۈچىلىكى بار، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا قىز ئىدى.ئۇ شۇنداق ئىشلارنىڭ نېمىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. سەئىدىن بىلەن بۇ يۇرتتىن چىقىپ كېتىشى شۇ مەقسەت ئۈچۈنمىدى؟ ئەگەر مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا مۇشۇنچىۋالا باغرى كەڭ زېمىندىن بىرەر خالىي جاي تېپىلماسمىدى؟ بىرەر ئاخشام، بىرەر خىلۋەت ئۇنىڭغا قۇچاق بەرمەسمىدى؟

ئۇ بۇنداق ئىشلارنى زادىلا ئويلاپ يەتمىگەن، پەقەت سەئىدىنىنىڭ پاك باغرىدا ئېچىلغان، ئۆزى ئارزۇلاپ، ئەتىۋارلاپ پەرۋىش قىلىپ يېتىشتۈرگەن بىر خۇش پۇراق گۈل بولۇشنى ئويلايتتى، سەئىدىنمۇ پەقەت ئۇنىڭدىن شۇنىلا ئارزۇ قىلغان. پەقەت ئەنە شۇنداق بولغاندىلا چاقماق كەبى ئۆتۈپ كېتىدىغان ياشلىق ھاياتىدا كېيىنكى ئۆمرى ئۈچۈن ئىزگۈ بىر تەقدىرگە ئىگە بولىمەن، دەپ ئويلىغان ۋە ئۇ توغرىدا ئاللىبۇرۇن رابىيە بىلەن ئورتاقلاشقانىدى.

لېكىن، بۇ يولدا تۆكۈلگەن تەرنى ئىككى پۇلغا ئەرزىمەس قىلىۋېتىدىغان بۇ زاماندا ئارزۇ خۇددى شامالدا ئۇچقان توزغاقتەك تېزلا كۆزدىن غايىب بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا، ئەمدى زادى قانداق قىلىش كېرەك؟

رابىيە ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ئۆگزىگە چىقىپ يىراق ـ

يــراقلارغا نەزەر تــاشلايدىغــان، كۆڭلــىــدىكى ئــاشــۇ سوئالــلارغــا تەبىئەتتىن، تەبىئەتنىڭ قوينىدا ئۆز ئەركىسى بىلەن ئۈسۈۋاتقان دەل ـ دەرەخلــەردىن، غۇر ـ غۇر شــامالـلاردىن جــاۋاب ئىزدەشكــە ئۇرۇناتتــى. ئۇلارنىڭ هــاياتلــىقى بىلــەن ئۆزىنىــڭ هاياتلــىقىنــى سېلىشتۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئوخشاشلىقنى، ئوخشاشلىق ئىچىدىكى ئوخشىماس قىسمەتنى تېپىپ چىقاتتى، مانا مــۇشۇنداق چاغــلاردا ئۇنــىڭ كــۆڭلى بــۇزۇلــۇپ نەلەردە سەرگــەردان بولــۇپ يــۈرگــەن سەئدىننى ئەسكە ئالاتتى، كىملــەرنىڭ قــولىدا قانــداق ئىشلارنــى قىلىــۋاتقانلــىقىنــى ئويلاپ ئازابلىنــاتــتى، شەهــۋانــي ئىــشــق ـ هەۋەسىنىڭ ئۇنــىڭ ياش هايــاتىغا خــەۋپ يەتكۈزۈپ قــويۇشىدىــن ئەنسىرەيتتى. ئۆزىچە ئادەملەرنى تــەتقىق قىلىش بــىلەن بولــۇپ كېتەتتى. ئەنە شۇنداق چاغلاردا ئــۇ ئۆز ـ ئۆزىگــە سوئال قويــۇپ پىچىرلايتتى:

ئەجەبــا، تەبىئــەتنى، تەبــىئەت قويــنىدا نــۇرغــۇن ئادەملــەرنــى ياراتقان ئىگىــسى ئۇلارنــىڭ هاياتلــىق مەقســەتلىرىــنى ئوخشــاش ياراتماپتىكەن ـ هە؟ بىرى ئۆز ئۆمــرىگە بايلىق مەنە ئىزدىسە، بىرى هوقۇق، ئابــرۇيدىن، يەنــە بىرى پەرزەنــت ئىشقــىدىن، يەنــە بىرى ئىشقىۋازلىقتىن، يەنە بىرى «ئادەمگــەرچىلىــك» تىن، يەنــە بىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن، يەنــە بىرى مانــا مۇشۇنداق...ئــۇلار تاللــىغان ئاشــۇ مەقسەتــلەرنىڭ زادى قــايسىسى هەقىقــەت؟ زادى قايسىسى هەقىقي ئىنسانىيەتچىلىك؟ قايسىسى پەرز ۋە قايسىسى

ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بىدئەتچىلىك؟

رابىيە ئاللىبۇرۇن بۇلار توغرىسىدا ئويلاپ قەلبىدىكى ئېنىقسىزلىقنى سەئدىن بىلەن بىللە ئورتاق ھالدا مۇكەممەل بىر چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ بولغان بولسىمۇ، ئۆتكەن كۈنى مەسچىت ئالدىدا ئىمامنىڭ قىلغان ۋەزنىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا، دادىسىغا قىلغان سۆزلىرىدىن، تەھدىتلىرىدىن ئۇلار ئېيتقان ئادەمگەرچىلىك ۋە ھەقىقىي تۇردىكى مۇسۇلمانچىلىقنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە، قەلبى بىلەن ھېرىكىتىنى ئۆلچەپ كۆرۈشكە ۋە ئۇنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈپ بېقىشقا زورۇقاتتى، لېكىن، ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى، سۆزى بىلەن ۋەز ـ نەسىھەتلىرى باشقا ـ باشقا بىر گەپ ئىدى.

بىركۈنى رابىيە زۆھرە بىلەن باغدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى، ئىمام بىلەن ھويلىدىلا ئۇچرىشىپ قالدى. ئىمام ئۇنىڭ تۇرقىغا باشتىن ـ ئاخىر سەپسالدى، ئۇنىڭ كېسەلدىن ساقايغان سەللىمازا ھالىتى، تولۇن ئايدەك نۇرلۇق جامالى، ئېچىلىش ئالدىدىكى غۇنچىدەك تولغۇن چېھرى جابىر قىلغان تەرىپلەردىن ھەسسە ئارتۇق ئىكەنلىكىنى سەزدى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن چوڭقۇر سالاملاشقاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. رابىيە ئۇنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراشلىرىدىن قانداقتۇر بىر ۋەھىمىنى سەزدى ۋە ھايال بولمايلا دەھلىز ئۆيگە چىقتى. ئىچكىرىكى ئۆيدە

بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆز دەھلىزگە ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. رابىيە قۇلاق ـ سالدى.

ــ سەئىدنى هارامزادە مەسۇمە قىزنى ئازدۇرۇپ سىلەرنىمۇ بۇ يۇرتتا تۇرغىسىز قىلىۋەتتى. قىزى بىر ئوغۇل بىلەن قېچىپتۇ دېگەن گەپنىڭ ئۆزىمۇ مۇشۇ دىمەتلىك بولغاندا ئادەمگە بەكمۇ هار كېلىدۇ، ئەمدى ئۇ گەپنىمۇ قويۇپ تۇرايلى. سەئىدنىمۇ بارار يېرىگە باردى، ئەمدى ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئاشۇ يەردە تۇگەشكىنى تۇگەشكەن، رابىيەنىڭ كېسىلىمۇ خېلىلا يەڭگىللەپ ئەسلىگە كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ، نىكاھنى كېچىكتۇرمەي ۋاقتىدا قىلىۋېتەيلى. بۇ ھەم بېگىم ئۇچۇن، ھەم سىلەر ئۇچۇن ياخشى. مەن ئالاھىدە مۇشۇ ئىشنى سەمىلىرىگە سېلىپ قويغىلى كەلدىم.

بۇ ئىمامنىڭ سۆزى ئىدى، ئارقىدىنلا ياقۇپ سۆز ئالدى:

ــ ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ سۆزىمۇ ئورۇنلۇق. يېقىندىن بېرى رابىيەمۇ خېلىلا ئوڭشىلىپ ئوبدان بولۇپ قالدى. مەن بېگىمنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم بېرىپ بۇ ئىش توغرىسىدا ئېغىز ئاچاي دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم. سىلى كېلىپ مېنى ناھايىتى مالال قىلدىلا، مەن بېگىمنىڭ ئالدىدا يۈز كېلەلمەيمەن، بېگىمنى قايتا ئاۋارە قىلىشقا قانداقمۇ بېتىم چىدىسۇن؟! رابىيەنىڭ جىمىپلا كەتكىنىمۇ ئۆزىنىڭ تەنتەكلىك قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئەمەسمۇ؟ بەش ـ ئالتە ئاي بولۇپ

قالدى. ئۇنى ئازدۇرغان ئوتمۇ سويۇپ قالدى. ئوبدانراق كىيىندۈرۈپ، بىرەر جابدۇقنى ئوشۇقراق قىلساق، خۇي - پەيلىمۇ ئېچىلىپ قالار.

— ھە، ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، بىگىم ئۆتكەنكىگە بىر ئۈزۈك ياندايدىغانلىقنى ئېيتقان جۇمۇ!

بۇ، ئىمامنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئارقىدىنلا رابىيەنىڭ ئانىسىنىڭ ئاۋازى چىقتى.

— بېگىمنىڭ ئىلتىپاتىغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت! ئىمام ئاخۇنۇممۇ بۇ ئىشتا كۆپ كۈچ چىقىرىۋاتىدۇ، رەھمەت! مېنىڭ كاللامدا بىر ئىش بار، سىلىگە بىر ئېيتىپ قوياي دەيمەن، ئىلگىرىكى ئىشتا شۇ قىزىمىزغا بىر ئېغىزمۇ مەسلىھەت سالماپتىكەنمىز، ئاخىرىدا بۇ ئىش تىرىلدى. بۇ دورام ھەرھالدا ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى بىر قېتىم ئېيتىپ قويۇپ، رازىلىقىنى ئالساقمىكىن دەيمەن.

— نېمە دەپ بىلجىرلاۋاتىسەن؟ نېمە قىلاتتىڭ ئۇنىڭدىن سوراپ؟ ئەمدى يەنە يۈزىمىزنى تۆكمەكچى بولسا، ئەنە شۇ شەھەرگە بېرىپ ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئەكىلىپ شۇنىڭ بىلەن قىلغۇلۇقنى قىلسۇن. ئىككىنچىلەپ ئاتا - ئانام، يۇرتۇم بار ئىدى دېگۈچى بولمىسۇن. سەن مۇشۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ مۇشۇ كۈنگە قالغان بىز، ئەمدى يەنە ئۇنىڭ مەسلىھەتى - پەسلىھەتى دېگىنىڭ نېمىسى؟ سەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ ھېچ

نەرسىدىن خەۋەرسىز بولغىنىنىڭ بىلەن مىنىڭ يۈزۈم قالدىمۇ بۇ يۇرتتا؟

ئۆينىڭ ئىچىنى تىمتاسلىق قاپلىدى. رابىيە ئەلەم بىلەن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆي ئىچىدە بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەردىن جابىرنىڭ ياۋۇز مەقسىتىدىن تېخىچىلا يانمىغانلىقىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭمۇ ئەمدى بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىقىنى، بۇ قىسمەتلەرنىڭ ئۆز بېشىغا توغرىلىنىپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تولىمۇ يالغۇز ۋە ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، قەلبىدە ئۆسۈۋاتقان ئەرك تۇيغۇسىنىڭ ئېغىر زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تولىمۇ نازۇك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى.

شۇنداق! ئۇ تولىمۇ نازۇك! ئۇنى رابىيە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ قارا بورانغا قالقان قىلىپ تۇتقىلى، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ جىسمىنى قىلدەك تولغاپ مەنۇۋىيىتىگە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ھارارەتكە سايىۋەن قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق ئىقتىدار ۋە قۇدرەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن بىر مەزگىللىك چىدام ۋە غەيرەت كېرەك، لېكىن شۇ چىدام ۋە غەيرەت بىلەن ئاداققى مەقسەت جامال كۆرسىتەرمۇ؟ ئەگەر ئىمامنىڭ سەئدىن توغرىسىدا ئېيتقانلىرى راست بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان ئوتلۇق ئەھدىلەردە كۆزلىگەن نىشانلار، يەتمەكچى بولغان بۇيۈك

مەقسەتلەر قانداق ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن؟

رابىيەنى ئاجىز ۋە يالغۇز ھېس قىلدۇرۇۋاتقان بۇ تۇيغۇلار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر خىل ئۈمىدسىزلىك بەخش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئادەملەر توغرىسىدا ئويلىغان ئۆتكەنكى خىياللىرىنى بىر - بىرگە ئۇلاپ كۆردى. ئادەملەر، ئەي ئادەملەر! بىر جىسىمنى دەپ دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان بىر سەبىينىڭ قېنىنى ئىچمەكچىلار، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ھاياتىڭلارغا پايانداز قىلمىساڭلار نىمە بولار؟ شۇ بىر جىسىمدىن سىلەر قانچىلىك شۆھرەتكە، قانچىلىك ئىناۋەتكە ۋە قانچىلىك بايلىققا ئېرىشەلەيسىلەر؟ ئاشۇ ئېرىشكىنىڭلار سىلەرنىڭ ئادەملىكىڭلارغا گۇۋاھ بولالارمۇ؟ شۇ جىسىمغا ئىگە بولغىنىڭلار بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدە يالتىراپ تۇرغان نەرسىنى ئىلكىڭلارغا ئالالامسىلەر؟ ئۇنىڭ پەقەت بىرلا مەقسەت ئۈچۈن سوقىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پەقەت بىرلا كىشىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى ئاللىبۇرۇن رازىمەنلىك بىلەن ئىگىسىگە قايتۇرغانلىقىنى، ئەمدى ئۇنىڭدا پەقەت ساداقەتمەنلىك ۋە ۋاپادارلىق تۇيغۇسىلا جۇش ئۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ قەلب دېگەن ئۇ ئۇرۇش بىلەن ئالغىلى بولىدىغان قەلئەمۇ؟ بىرەر نەرسە بىلەن ئالماشتۇرسا ياكى بىر - بىرگە ئۆتۈنۈپ بەرسە بولۇۋېرىدىغان ئادەتتىكى بۇيۇممۇ؟ ياكى دان چاچقانغا ئالدىنىدىغان ياۋا كەپتەرنىڭ نەپسىمۇ؟ ئۇ شۇنداق بىر گۈلكى،

پەقەت قەلب زېمىنىدىلا يىغلايدۇ، ئاشۇ تۇپراقتا يىلتىز تارتىدۇ ۋە ئاخىرقى ۋاپا، ساداقەت، پاكلىق ئاساسىدىلا پورەكلەپ ئېچىلىپ لەززەت بېرىدۇ. ئۇ تولىمۇ مۇقەددەس، ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكى مۇستەھكەم ئىرادە سۆيى بىلەن سۇغىرىلغانلىقىدا. ئۇ تولىمۇ ۋاپادار، ئۇنىڭ ۋاپادارلىقى پۈتكۈل مېھرىنى ئاشۇ زېمىنگە مەھكەم باغلىغانلىقىدا. شۇنداق ئىكەن، ئەمدى ئۇنىڭغا ئىگە بولىمەن دېيىش خۇددى ئۆلۈك بىلەن...

رابىيە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا ئۇچۇشقا ئۇرۇنغان جاسارەت ئۇچقۇنلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا قايتىدىن ئۇچقۇن چاچرىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ خېلىلا جانلانغان، ۋۇجۇدى جاسارەتكە تولۇپ، ئاخىرقى كەسكىن قارارى بىردىنبىر ھاياتلىق نىشانى بولغاندەك ئىدى. شۇنداقتىمۇ سەئىدنىنىڭ تەقدىرى، ئىمامنىڭ ھازىرقى گەپلىرى جابىرنىڭ ياۋۇزلۇقىنى كۆز ئالدىدىن غىل - پال ئۆتۈپ يۈرىكى قارتىدە قىلدى. ئۇ دەرھال جىلىتكىسىنىڭ مېغىز يانچۇقىدىكى بىر جۈپ ئۈزۈككە قول ئۇزاتتى، ئۇنى باشتىن - ئاياغ بىر قۇر سىلاپ چىقتى.

رابىيە بۇ ئۈزۈكنى سەئىدىن ھېلىقى كۈنى قولىغا سېلىپ قويغاندىن بېرى بىردەممۇ يېنىدىن ئايرىماي كېلىۋاتاتتى. ئۇنى ئۇ سەئىدىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا ياكى سەئىدنىنىڭ پىگورىسى كۆز ئالدىدىن غىل - پال ئۆتۈپ قالسا بىر قېتىم تۇتۇپ قوياتتى، ئەنە شۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ سەئىدىن يېنىدا باردەك،

ئۇنىڭ بىلەن ھال ـ مۇڭلىشىپ ئولتۇرغاندەك ھېس قىلاتتى. لېكىن، بۇگۈنكى گادىرماچ خىياللار ئىچىدە ئۇ ئۇنداق تۇيغۇدىن خېلىلا يىراق ئىدى. ئۇ ئىمامنىڭ سۆزىدىن ئەگەر سەئىدىن راستلا پەلەك گەردىشىنىڭ تۆھمەت تاشلىرىغا توغرىلانغان بولسا... دېگەنلەرنىلا ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇكنى تۇتۇشىمۇ پەقەت سەئىدىن روھىيىتىنى ئۆز قارارىنىڭ گۇۋاھچىسى قىلىش ئۇچۇن ئىدى.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى، رابىيە ئولتۇرسا ـ قوپسا سەئىدىن توغرىسىدا ئويلايدىغان، ئۇ توغرىسىدا بىرەر خەۋەر ئۇقۇپ قالارمەنمىكىن دەپ كىشىلەرنى تىڭتىڭلايدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، سەئىدىن توغرىسىدا كوچا ـ كويلاردا ھېچقانداق خەۋەر يوق ئىدى، ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشى ۋە سەئىدىن توغرىسىدا ھېچبىر خەۋەرنىڭ بولماسلىقى ئۇنىڭ كەيپىياتىغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى، ئۇ بىرنەچچە قېتىم ئىبراھىم ئاخۇنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بۇ توغرىدا بىرەر خەۋەر ئۇقۇپ كەلمەكچى بولسىمۇ، لېكىن ئاتا ـ ئانىسى ھەمىشە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى كۆزىتىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئىلاج قىلالمىدى. ئۇ تولىمۇ جىمىغۇرلىشىپ كەتكەنىدى. ئۆزى توغرىسىدا ئاخىرقى بىر قارارغا كېلىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن سەئىدىنىڭ ھاياتلىق تەقدىرى ئۇنىڭ پىكىر خىياللىرىنى يەنىلا چۇلغاپ قوياتتى.

بىركۈنى ئۇ خىيالغا پېتىپ مۇڭلىنىپ ئولتۇراتتى، ئانىسى

كېرىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرىدە ئۆزىمۇ يوشۇرالمايۋاتقان بىر خىل ئىچكى ئازاب ۋە رابىيەگە ھېسداشلىق تۇيغۇسى بار ئىدى. ئۇ رابىيە بىلەن بىردەم ئۇيان - بۇيانىنىڭ گەپلىرىنى قىلىشقاندىن كېيىن، مەقسىتىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

— ساڭا ئانىلىق مېھرىم بىلەن بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلماقچىمەن بالام، مېنىڭ بۇ سۆزلىرىم شىكەستىلەنگەن كۆڭلۈڭگە مەلھەم بولامدۇ - يوق، بۇنى بىلمەيمەن. لېكىن، نېمىلا بولمىسۇن سېنىڭ كۆلكەڭنى بەخت، كۆز ياشلىرىڭنى دۇنيا مۇشەققىتى بىلىدىغان ھايات قۇۋانچىڭمەن. جېنىم بالام، بىلىمەن. سەن ئاشۇ ئىشق ئوتىغا گىرىپتار بولۇپ ئۆزۈڭنى بىلەلمەي قالدىڭ. شۇنچە چىدام ۋە پەرۋاسىزلارچە قەيسەرلىك قىلغان بولساڭمۇ نۇسرەت ساڭا تالىق بولمىدى. دېمەك، خۇدا ئەسلىدىلا ۋىسال دەملىرىنى بىر - بىرىڭلارغا نېسىپ قىلمىغانىكەن. ئەمدى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمىسەڭ بولماس. بولغۇلۇق بولدى. ئىمامنىڭ ئېيتىشىچە، سەئىدىن ئۇ يەردىن قايتىپ كېلەلمەيمىش. ئۇنداق ئىكەن، تەقدىرگە تەن بېرىپ، داداڭنىڭ ئېيتقانلىرىغا كۆنسەڭ، مەنمۇ داداڭنىڭ دەشنام - ھاقارەتلىرىدىن، ئىمامنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىدىن خالاس تاپسام.

رابىيە چوڭقۇر ئويغا پاتتى، ئانا ئۇنىڭ ئىچكى ئازابىنى

قىينىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتتى ۋە كۆزلىرىدىن مونچاقتەك ياشلىرىنى ئېقىتىپ ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپلا قالدى. رابىيەگە ئانىسىنىڭ بۇ ھالىتى قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئىككى ئوتتۇرىدا قېلىپ شۇ دەرىجىدە قىينىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، «ئانا، تولا قايغۇرماي تەييارلىق قىلىۋېرىڭلار!» دېدى ۋە ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى.

ئۇلار بىرەر سائەتچە ئىچكى ئازابلىرىنى يىغا بىلەن چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، ئانا رابىيەنىڭ خەۋىرىنى ياقۇپقا ئېيتماقچى بولۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى، رابىيەنىڭ كۆز ئالدىدا ھازىرقى بۇ رازىلىقى ئەمەس، بەلكى نەچچە كۈن ئىلگىرىكى ئاخىرقى قارارى خۇددى بىر ئۇندەش بەلگىسىدەك تىكلا تۇراتتى.

## يولدا

سېخىي كۆز ئەلۋەك داستىخانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، سوغ قىش زېمىن ئۈستىگە كافۇرسىمان تونىنى ياپقان ۋاقىتلار ئىدى. شەھەرنى يېرىم ئاي شەكلىدە ئايلىنىپ ئېقىۋاتقان قىزىل، تۇمەن دەريالىرى ئۆز مەۋجىنى يوقىتىپ تولغىنىپ ئاقماقتا. ئۇنىڭ باغرىنى سوغىلىرىغا تولدۇرۇپ شەھەرنىڭ ھاياتلىقى ئۇچۇن سىڭىپ تۇرۇۋاتقان ئەپكەشلەرنىڭ ئايغى

ئۇزۇلمەيتتى. شەھەر مەركىزىدە كۆككە بوي تىرەپ تۇرغان ھەيۋەتلىك مەسچىت مۇنارى ھاياتلىق ئۇچۇن مىدىرلاپ تۇرغان شەھەر قوينىغا نېپىز تۇمانلار ئارىسىدىن مارىلايتتى.
سەئدىن پەنجىرىدىن چۈشكەن قىزغۇچ شولىنى كۆرۈپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە پەنجىرىگە ئېسىلغانچە يامۇلنىڭ قارا قاپلىغان ئېگىز ـ ئېگىز تاملىرىغا، سوزۇلۇۋاتقان ئاسمانغا قارىدى. قۇياش نۇرى تۇمانلارنى يېرىپ ئۆتۈپ قار ئۈستىدە چاقنايتتى، ئۇنىڭدىن يانغان گىرىمسەن نۇر كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئاھ، گىرىمسەن نۇر! پەقەت قۇياش نۇرىدىلا چاقناشقا، پەقەت پاكلىق بىلەن ساپلىقنىڭ ئۆزئارا تەسىرىدىن چاقناشقا ئادەتلەنگەن نۇر! سەن ياشلىق ھاياتنىڭ غۇبارسىز قەلبتە يانغان پاك سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرىغا، ئاشۇ قەلبتە يانغان چىن مۇھەببەتنىڭ لالەرەڭ غۇنچىسىغا ئەجەبمۇ ئوخشايسەن ـ ھە؟!
سەئدىن كۆڭلىدىن ئۆتكەن غىل ـ پال تۇيغۇنىڭ تەسىرى بىلەن ساپ ھاۋادىن كۆكرىكىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرىكى خۇددى مۇشۇنداق قار ياغقان ۋاقىتلاردا رابىيە بىلەن دالادا توشقان قوغلاپ يۈرگەن ۋاقىتلىرى، قار پومزەكلىرىنى ئېتىشىپ ئوينىغان چاغلىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى. ئاھ، ھاياتنىڭ قوۋناق ئالتۇن چاغلىرى! ئاھ، ھاياتنىڭ كىشى ئاسانلا قەدرىنى بىلىپ يېتەلمەيدىغان ئەركىن چاغلىرى! ئەنە شۇ چاغلاردا ئاشۇ قوۋناقلىقنىڭ

موھتاجلىققا، ئەركىنلىكىنىڭ تۇتقۇنلۇققا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدىغانلىقىنى كىممۇ ئويلاپ باققان؟

ياشلىقنىڭ كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان نەۋ باھار پەسىللىرىدە ئىزگۈ بىر ئىستەك يانغان قەلبتە ھايات ھەمىشە گۈزەل تەرپىدە چىراي ئاچىدۇ. بۇ ھال كىشىنى ھەمىشە مۇئامىلىدە سەمىمىيلىككە، تۇرمۇشتا ھالال مېھنەتكە ۋە مەردانىلىككە ئۈگىتىدۇ، ياشاشتىكى مەردانىلىك ئۆمۈرلۈك سۆيگۈ ئۈچۈن ۋىجدان بىلەن ياشاشنىڭ ئۆزىنىڭ ھايات مىزانى دەپ بىلىشكە چاقىرىدۇ. بۇ خىل ھالەت كىشى ۋۇجۇدىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ بولغانىكەن، دېمەك، ئۇ باشقىلارنىڭ ھاياتلىق قانۇنىيىتىمۇ شۇ مىزاندا داۋاملىشىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ ـ دە، ئىككىنچى بىر خىل ھالەتنىڭ يۈز بېرىشىنى ئەسلا تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايدۇ. سەئىدىن تۇرمۇشنىڭ بۇ تەرەپلىرى ئۆزىنىڭ ئاشۇ تۇيغۇلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھاياتقا، قەلبىدىكى ئىزگۈ ـ ئىستەككە تولىمۇ ئاددىي مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئەمدى بىلىپ يەتتى، مۇشۇ سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن ھاياتىدا تولدۇرۇپ بولمايدىغان چوڭ بىر بوشلۇقنىڭ يوچۇق ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئەگەر گۇندىپاينىڭ ئېيتقانلىرى راستلا بولىدىغان بولسا، ھاياتتىن ئايرىلىش ئانچە ئېغىر چۈشمەس! لېكىن، ئۆز ۋۇجۇدىدا مېھىر بىلەن ئۆستۈرگەن ئاشۇ زىبا گۈل تۇپراقسىز قېلىپ كىملەرنىڭ قولىدا نابۇت بولار؟

كىملەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا خارلىنار؟ ئۇ چاغدا رابىيە بىلەن قىلىشقان ئوتلۇق ئەھدىلەر، مەڭگۈلۈك دەپ بىلگەن ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر نەگە كېتىدۇ؟ قەلبتە يانغان ئەرك تۇيغۇسى، سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى گۈلخانسىز نابۇت بولۇپ، ھەممە ۋە ھەممىسى رەقىبنىڭ ئاياغ ئاستىدا خار بولامدۇ؟ دۇنيادا ئۇلۇغ مەقسەت ۋە ئوتلۇق غايىسىنىڭ خار بولۇشىغا سۈكۈت قىلىشتىن ئارتۇق ئەلەم بارمۇ؟

سەئدىن ۋۇجۇدىدا ھاياتلىقتا بولغان ئۈمىدنىڭ جۇش ئۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى، كۆز ئالدىدىكى سوراقتا، ئوچۇقنى ئېيتقاندا، رەقىبكە تىكىلىشىپ قاراشقا قارىتا روھىي تەييارلىق قايتىدىن جانلانغاندەك بولدى. بىر كۈن ياشايدىكەنمەن، ئاشۇ بىر كۈن مېھنىتىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم، دەپ ئويلىدى ئۇ. چۈنكى، ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ھەقىقەتنىڭ ھامان ئۆزى تەرەپكە چىراي ئاچىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلىغان، ھەقىقەتكە شەكسىز ئېتىقادى بىلەن تىكىلگەنىدى، ئەمدى ئۇنىڭغا مۆمىنلارچە باش ئېگىپ تۇرۇشنى ئۆزى ئۈچۈن نومۇس دەپ چۈشەنگەن، مۇنداق قىلىشنىڭ رەقىب ئالدىدا تولىمۇ ئاجىزلىقنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن، مۇشۇنداق قىلسىلا ئۆزى بىلەمەي يول قويغان ھېلىقى بوشلۇق ئازراق بولسىمۇ يوقايدىغان، ھاياتتىكى ئۆزى چۈشەنگەن مەقسەتلەر ياشاشنىڭ مەقسىتى سۈپىتىدە نىشانە بولۇپ قالىدىغانلىقىغا

ئىشەنچ باغلىغانىدى. ئۇ ۋۇجۇدىدا بىر غەيرەتنىڭ، ئۆزى بوشلۇق دەپ ھېس قىلغان ھېلىقى سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن ئاخىرقى چىدامىلىقىنى كۆرسىتىشنىڭ پەيتى بولغان يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئەگەر بولغىنىمۇ بىكار ئۆتۈپ كەتسە ئەمدى ئۆزى ئويلىغان ئارزۇ ـ ئىستەك دېگەنلەرگە يەنە ئارتۇقچە باش قاتۇرۇپ كەتمەسلىكىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇدى.

قوياش ئۆرلەپ ئۆزىنىڭ كامېر ئىچىدىكى جامالىنى سەئىدىنىدىن ئېلىپ قاچتى، قېرى گۈندىپاي تۆمۈر ئىشىكلەرنى داراڭلاتقىنىچە قولۇپنى شاراقلىتىپ ئېچىپ ئەتىگەنلىك تاماق دەپ ئاتالغان بىر دانە زاغرا بىلەن بىر ئاپقۇردا چاي ئېلىپ كىردى ـ دە، سەئىدىنىنىڭ ئالدىغا قويغىنىچە ئۇنىڭغا دېدى:

ــ غەيرەتلىكرەك بول ئوغلۇم! بۇ پەمىدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسى بولۇشى مۇمكىن. ئۆتكەندە مەن ساڭا ئېيتقاندەك، بۇ سېنىڭ ئالدىڭدا ئېچىلغان ئاچا يول، بىرى ئىستەكلىرىڭدىن ۋاز كېچىپ ھاياتلىق نىشانىغا باشلىسا، بىرى ئاشۇ ئىستەكلىرىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ ياشاش نىشانىغا يېتەكلەيدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ قايسىسىنى تاللىۋېلىش ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش. دادائ ئۆتكەن كۈنى بىرنەچچە ئاقساقاللار بىلەن سېنى تىلىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا قۇرۇق قول قايتتى. ئەتىسىلا جابىر بەگ يېتىپ كەلگەنىدى، بولغىنىمۇ ئۇ يەنە مۇشۇ يەردە تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ، ئېھتىمال سىلەرنى بىر

سورۇندا قويۇشى مۇمكىن. مەن شۇنچىلىكلا دەپ قويالاي.

گۇندىپاي چىقىپ كەتتى، سەئىدىن تاماقنى قاراپمۇ قويمىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئويلىغانسېرى غەيرەتلىنىۋاتاتتى، ئاشۇ رەقىبىنى ئاخىرقى سورۇندا قانداق رەسۋا قىلىش، ئۇنىڭدىن پۈتكۈل ئۆمرىدىكى ئارزۇ - ئىستەكلىرى، ناتىۋان سۆيگۈنىنىڭ چېكىسىدىن ئاققان ئاشۇ قىپقىزىل قاننىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭدىن قانداق ھېساب ئېلىش ئويىلا ھۆكۈمران ئىدى.

سوراق ۋاقتى يېتىپ كەلدى، ئىشىك قايتا ئېچىلىپ ئىككى يايى سەئىدىننى يالىغانچە ئۇنى سوراقخانىغا ئېلىپ ماڭدى، سەئىدىن پۈتىدىكى ئېغىر ئىشكەلنى سۆرىگىنىچە تۈرمە ھويلىسىدىن ئۆتۈپ سوراقخانىغا يېتىپ كەلدى، سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىدىغان كارىدوردا ئىككى سەپ بولۇپ گىدىيىپ تۇرغان تولۇق قوراللانغان تۈرمە ساقچىلىرى ئۆز ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان بۇ گۇناھكارنىڭ ھېچ ۋاقىتتىكىگە ئوخشىمايدىغان جەسۇرلۇقىنىڭ سىرىنى ئىزدىگەندەك، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىسا، سوراقخانىدىكى خادىملار ۋە ئۇدۇلقى ئورۇندا ئولتۇرغان سوراقچى باشلىق كىشىلەر گويا بۇنداق بىر شىر يۈرەك ئەزىمەتنى ئۆز تارىخىدا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قارايتتى. سەئىدىن چېرىك كۆرسەتكەن ئورۇنغا كېلىپ تۇردى ۋە دەقىقە ئىچىدە پۈتكۈل ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئۆز رەقىبىنى بۇنچىلىك جاسارەتتە كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغان

جابىرنىڭ سىرىق كۆزلىرى قىسىلىپ، ۋۇجۇدىنى بىر خىل ئارامسىزلىنىش قاپلىغاندەك تىترەشكە باشلىدى. ئۇ سەئىدنىڭ ئۆزىنى ئاختۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېلىپ قېچىشقا ئۇرۇنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەردانىلىكىدىن تەشۋىشلىنىپ ئاللىقانداق سۆيىقەستلەرنى پىلانلاۋاتقان كۆزى تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى، سەئىدىن پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىكى نەپرەتنى بىر جۈپ كۆزگە يىغىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى، جابىر سەئىدنىڭ بۇ تىكىلىشلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۇزۇپ يەرگە قارىۋالدى. سورۇن مىنۇتلۇق جىمىلىققا چۆككەندى. ئۇزاق ئۆتمەي سوراقچى سورىقىنى باشلىدى:

— سەئىدىن، شەرىئەتكە قارشى چىقىپ باشقىلارنىڭ هالاللىق جۈپتى ئايالىنى ئازدۇرۇپ ئېلىپ قاچقان گۇناهىڭنى بىلەمسەن؟

— بۇ هەرگىزمۇ ئۇنداق ئىش ئەمەس، مەن هېچقاچان باشقىلارنىڭ ئايالىنى ئېلىپ قاچمىدىم.

— ئەمىسە، تەكلىماكانغا ئېلىپ قاچقان هېلىقى قىز نېمە ئادەم ئۇ؟

— ئۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك سۆيگۈ مۇهەببىتىمنىڭ، ۋاپا ـ ساداقەت ۋە ۋۇجۇدۇمدىكى مېهىر ـ مۇهەببىتىمنىڭ زىبا گۈلى.

— نېمە دېدىڭ؟ هەركىمنىڭ گۈلى ئۆز بېغىدا، ئۆز قولىدا بولۇشى لازىم. گۈلنى ئېلىپ تەكلىماكانغا قاچقانلىقىڭنىڭ ئۆزى گۈلنىڭ باشقىلارنىڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرمەمدۇ ـ هە؟

— مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلىشتى، ئەگەر باشقىلار مېنىڭ ھالاللىق ئايالىم ئىدى، دەيدىغانغا ئىسپاتى بولسا كۆرسەتسۇن.

سوراقچى جابىرغا قارىدى، جابىر سەئىدنىڭ لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— يۇرتقا شۇنچە توي، نەزىرە بەردىم، قىزغا ئاتا - ئانىسى رازى بولغۇدەك مال - دۇنيا بەردىم. ئۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانداق ئىسپات لازىم؟

— مەن رابىيە قىزنى مەجبۇرىي ئېلىپ قاچمىدىم، زاماننىڭ بىزلەرگە تارلىقى ئۈچۈن قىزنىڭ رازىلىقى ۋە ماھىللىقى ئاساسىدا ئىككىمىز ئاشۇ قۇملۇقنى ماكان تۇتۇشنى ماقۇل كۆرۈپ كەتتۇق! نەزىر، مال - دۇنيا ھېچقاچان كۆڭۈلنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. بىز نەچچە يىللىق سۆيگۈ، ئىنسانىي مېھرىمىز ئارقىلىق ئۆمۈرلۈك ئىشق - مۇھەببەتنىڭ بۇزۇلماس ئەھدىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان، بۇ ئەھدە ھەر ئىككىمىزگە ئىجىللىقنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقان، ئەگەر جابىر بەگ بۇلارسىز بىرەر كۆڭۈلنىڭ ماھىللىقىنى قاراتقىلى بولىدۇ، دەيدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئاشۇ مال - دۇنيالىرى بىلەن ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالالمايدۇ؟

— مۇشۇ مال - دۇنيا ئۈچۈن قەلبىڭدىكى ئاشۇ گۈلنى يۇلۇپ تاشلىساڭ ھازىرلا ئۇنىڭ راھىتىنى كۆرىسەن. ئۆمۈرلۈك

ھەسرەتنىڭ ئوتىنى بىراقلا ئۆچۈرۈپ تاشلايسەن!

— ئېچىللىق قەلبىمىزنى سۆيگۈنىڭ ئۇزۇلمەس رىشتىسى بىلەن مەھكەم باغلىغان. ۋاز كېچىشتىن ئۆلۈم ئەۋزەل!

جابىر دۇدۇقلاپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى، سوتچى شىرەگە قاتتىق بىرنى ئۇردى ۋە غەزەپ ئارىلاش دېدى:

— تىلىڭنى تارت! مەيلىڭگە قويۇپ بەرسە ئاشكارا ئىسيان كۆتۈرۈشتىن يانمايدىغان ئوخشىمامسەن؟ ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىپ خەلق ئارىسىدا قۇتراتقۇلۇق قىلغان، باشقىلارنىڭ ئايالىنى ئېلىپ قېچىپ شەرىئەتكە ئاسىيلىق قىلغان، بويۇنتاۋلىق قىلىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشتىن باش تارتقان گۇنايىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇمسەن! باشقىلارغا ئىبرەت بولۇشى ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنىڭغا سەكسەن دەررۇ ئۇرۇپ ئاندىن دەرھال ئىجرا قىلىنسۇن! سوت تامام!

يايىلار سەئىدىنىنى سۆرىگىنىچە سوراقخانىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى، جابىر ھىجايغىنىچە سوراقچىنىڭ ئارقىسىدىن ياندىكى ئۆيگە چىقتى.

— ئىشنىڭ مۇنداق ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ئويلاپمۇ يەتمىگەنىكەنمەن، جانابلىرى. مەن ئۈچۈن كۆپ ھىممەت كۆرسەتتىلە، بۇ قىلغانلىرىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ قالمايمەن.

سوراقچى تومپىيىپ چىققان قورسىقىنى سىلىغىنىچە جابىرغا دېدى:

— بۇ ئىشنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى سىزگە تولىمۇ ئايان، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ بىرنەچچە قېتىم ئۇنى تىلەپ كەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز، سوۋۇشتۇرۇپ كەلسە ئانچىكى بىر ئىش. لېكىن، پەقەت سىزنى دەپ....ھە!

— رەھمەت جانابلىرى! ھەممەتلىرىگە كۆپ رەھمەت! مەن ئۇزاق ئۆتمەي يەنە سىلى بىلەن ئايرىمچە كۆرۈشىمەن.

جابىر ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. شۇئان سىرتتا ساناق ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، سەئدىنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان ئېچىنىشلىق ئىڭراشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئىككىيلەن تەڭلا دېرىزىگە قۇلاق سالدى: ئوتتۇز بەش، ئوتتۇز ئالتە...

سەئدىنىڭ ئاۋازى بارا ـ بارا يوقاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ساناق ئاۋازى يەنىلا داۋاملىشىۋاتاتتى.

ئاي ئولتۇرۇپ، زېمىن تۈن ئىلكىگە چۆمگەن ۋاقىت ئىدى، ئاسمان گۈمبىزىدە جىمىرلاپ تۇرغان ساناقسىز يۇلتۇزلار ئۇزۇنغا سوزۇلغان يېزا يولىدا پىغان بىلەن مۆڭلىنىپ كېتىۋاتقان بۇ كىشىلەرنىڭ قىسمەتلىرىگە ئەجەبلەنگەندەك قاراپ تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ ئاجىز نۇرى يولنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى، تىزىغىچە توپا كېزىپ كېتىۋاتقان ئىبراھىم گاھ ئېغىر پۇشقۇرتۇپ تەستە قەدەم ئېلىۋاتقان كالىسىنى ئۇچۇقداش بىلەن بولسا، گاھ تۆمۈر قاققان ھارۋىدا سۇنايلىنىپ ياتقان سەئدىنگە سىنچىلاپ ئۇنىڭ چېھرىنى، ئاجىز سوقۇۋاتقان يۈرىكىدىن

ھاياتلىقنىڭ بەلگىسىنى ئىزدەيتتى. سەئىدىن ئېغىر ھارۋىنىڭ تەۋرىنىپ مېڭىشلىرىدىن گاھ ۋۇجۇدىدا بىر خىل ئارامسىزلىنىش ھېس قىلسا، گاھ كۆز ئالدىدا ئۆزىگە تىكىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرغان رەقىبىنىڭ كۆرۈمسىز تەلەتىنى كۆرگەندەك بولاتتى. ئەنە شۇنداق چاغلىرى ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن تىغمۇتىغ تۇرۇپ ئېلىشماقچى بولسىمۇ، لېكىن چىدىغۇسىز ئاغرىق دەستىدىن ۋايجانلاپ ئىڭراپ تاشلايتتى، مۇشۇنداق ھالەت ئىبراھىم ئۇنى ھارۋىغا ئېلىپ مۇشۇ يېزا يولىغا چۈشكەن ۋاقىتتىن بېرى كۆپ قېتىم تەكرارلانغانىدى. ئۇ بۇ قېتىممۇ ئوغلىنىڭ چىدىغۇسىز ئازاب بىلەن ۋارقىراپ تاشلىشىدىن چۆچۈپ دەرھال ھارۋىغا چىقتى، سەئىدىن تۇرماقچى بولۇپ كۈچىگەن بولۇشى مۇمكىن، ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەن، مۇشتۇملىرى مەھكەم تۈگۈلۈپ چىشلىرى چىڭ كىرىشىپ كەتكەن ھالەتتە ھوشىدىن كەتكەنىدى. ئىبراھىم ئۇنى ئاۋايلاپ جايىدا ياتقۇزدى ۋە مۇردىدەك ئاقارغان يۈزىنى سىلاپ قولىنى بۇرنىغا ئەكەلدى، بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئۇرۇلغان نەپەس ئۇنىڭ ھاياتلىقىنىڭ نىشانى ئىدى.

ھارۋا ئۆز يولىدا تەۋرىنىپ بىر خىل رىتىمدا ئاۋاز چىقارغانچە مەنزىلگە قاراپ ماڭماقتا. ئىبراھىم ئۇزۇنغا سوزۇلغان يېزا يولىدا ئوغلىغا ھەمراھ بولۇپ ئۆتكەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى.

سەئىدىن ھەپسىگە ئېلىنغان ئالتە ـ يەتتە ئايدىن بۇيان ئىبراھىم ئايدا ئىككى قېتىمدىن كېلىپ يامۇل باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرغانىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە مۇشۇنداق قىلىش ئوغلىنىڭ نىجادلىققا ئېرىشىشىدىكى ئاساسلىق يول ئىدى، ئۇ دەسلەپتە ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى يامۇل باشلىقىغا بەرگەندە، باشلىق ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارىشا سىلىقراق مۇئامىلىمۇ قىلمىدى، ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىككى ئاتنىڭ پۇلىنى گويا مەنسىتمىگەندەك، كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىغانىنىڭ سىرتىدا، سەئىدىن بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە رۇخسەتمۇ قىلمىغانىدى. كېيىنكى قېتىم ئايالىنىڭ تويلۇق نەرسىلىرىدىن قېپقالغان بىر جۈپ زىرىسىنىڭ پۇلىنى ئېلىپ كەلگەندە ئازراق مۇلايىملىشىپ، پات ـ ئارىدا نىجادلىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا سەئىدىن بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى رەت قىلغانىدى. بىر قېتىم ئۇ يامۇل باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىۋاتقىنىدا ھويلىدا جابىرنى ئۇچرىتىپ قالغانىدى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا بۇ ئىشنىڭ يامان نەتىجە بىلەن تۈگەيدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە سايە سالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ پەرزەنت دېغىدا ئۆرتىنىپ، تاپقان ـ تۈگكەنلىرىنى قويماي ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، نەتىجە پەقەت «كەڭچىلىك ئاساسىدىلا» سەئىدىنىنىڭ نىمجان گەۋدىسىگە ئىگە بولۇش بىلەن كۇپايىلەندى.

— ئاھ، ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلالماپتىمەن بالام!

ئىبراھىم كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان مونچاق - مونچاق ياشلىرىنى ئېيتىپ تۇرۇپ سەئىدىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى. ئۇنىڭ باغرىدا ئېزىلىپ ياتقىنى رەھىمسىزلەرنىڭ ئاياۋسىز ئۇرغان دەررىسىنىڭ ئازابى بىلەن ئۇگە - ئۇگىلىرىدىن ئاجراپ كەتكەن بىر تەن، تومۇر - تومۇرلىرى ئۈزۈلۈپ، سىڭىرلىرى كېرەكتىن چىققان بىر گەۋدە ئىدى.

ھارۋا شۇ يوسۇندا مېڭىپ يۇرتقىمۇ يېقىنلاشتى، سەئىدىن سەھەرنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدىن ئەندىكىپ ئاستا كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ دەسلەپ كۆرگىنى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى، نۇر يورۇتقان كەڭ دالا، دالىدا يېيىلىپ ياتقان ئاپپاق قار، ۋۇجۇدىغا تارىغىنى مۇقەددەس ئانا تۇپراقنىڭ ئارامبەخش ساپ ھاۋاسى ئىدى، ئۇ ۋۇجۇدىغا ئازراق جان كىرگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئاھ، قەدىرلىك يۇرت! ئۆز باغرىدا ساپ سۆيگۈنىڭ، ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەتنىڭ گۈللىرىنى ئېچىلدۇرغان، ھالال مېھنەتنى ئارقىلىق باغرىنى ئاۋۇندۇرغانىنىڭ باغرىنى ئىللىتىدىغان مۇقەددەس ئانا يۇرت! باغرىڭدا زارىققان ئىمجان تەنىنىڭ ئوتلۇق تەلپۈنۈشلىرىنى بىكار قالدۇرۇپ، زامان زوراۋانلىرىنىڭ زورلۇقىدىن ئامالسىز ھالدا چېھرىڭگە لېچەك تارتتىڭمۇ؟ ياكى ئۆز باغرىڭدا يېتىلدۈرگەن بىر جۈپ غۇنچىنىڭ ئارمانسىز سۆيگۈسىگە ماكان بېرەلمىگەنلىكىڭدىن ھەسرەتلىنىپ، قايغۇغا تولغان ئەلەملىك ياشلىرىڭنى قارغا

ئايلاندۇرۇپ چېھرىڭنى ياپتىڭمۇ؟ بىلىمەن، بۇ بىر ھەسرەت! بۇ بىر قايغۇ! بۇ، مۇشۇ زاماندا ئۆز باغرىڭنى تولىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن تىلغاپ ـ چەيلەپ، كۇلپەتكە ھامىي بولۇۋاتقانلارغا قىلىنغان غەزەپ! لېكىن شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى، سەن قەلبىمدە ئۆستۈرگەن نىگارىمنىڭ ۋەسلىنى مەندىن يۇشۇرمىغايسەن! ئاداققى نەپسىمنىڭ ئۇنىڭ نەپسى بىلەن قوشۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغايسەن!

سەئىدىن شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ بېشىنى ئاستا كۆتۈردى، ھارۋىنىڭ ئەتراپىنى يۇرت كىشىلىرى ئورىۋالغان بولۇپ، ھەممەيلەننىڭ كۆزى سەئىدىنگە تىكىلگەنىدى. سەئىدىن ياشقا تولغان نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە تونۇش بىر چىرايىنى ئىزدىگەندەك ھەممە كىشىلەرگە بىر ـ بىر باقتى، قولىدا بىر تۇگۈنچەكنى چىڭ قاماللىغىنىچە بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى. ئىبراھىم قۇلىقىنى ئاستا ئۇنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «رابىيە، رابىيە!» دېگەن بىرلا ئاۋاز ئاڭلىناتتى. ئىبراھىم ئەتراپقا قارىدى. ئۇنىڭ ئۈمىدسىز تەلمۈرۈشلىرىدىن سەئىدىن ھەممىنى بىلگەنىدى. ئۇنىڭ بېشى تۆۋەنلىدى، كىرپىكلىرى جۇپلىشىپ، جۇپلەشكەن جايدا ئىككى تامچە ياش توختاپ قالدى. ئىبراھىم سەئىدىنگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنىڭ قەلبى ئۆرتەپ چىقىۋاتقان پىغانلىق يىغا ئاۋازىغا قوشۇلۇپ كۆتۈرۈلگەن ماتەم ساداسى پۈتۈن يۇرتقا تارىماقتا ئىدى.

كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىشىپ سەئىدىنىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى.

رابىيە بۇ ھەسرەتلىك سادادىن چۆچۈپ سىرتقا چىقتى. ئۇ ئالدىنقى كۈنى ئىبراھىمنىڭ شەھەرگە كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانىدى، شۇنىڭدىن بۇيان سەئىدىنىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ھالەتنىڭ يۈز بېرىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى، ئۇ يىغا ئاۋازىدىن دەھشەتلىك بىر مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ۋە يانچۇقىدىن بىر جۈپ ئۈزۈكنى ئېلىپ مەھكەم تۇتقىنىچە تامغا يۆلىنىپلا قالدى.

ئۇستىگە كۆك تاۋاردىن يۇچۇق يېپىلغان جىنازا كىشىلەر توپى ئىچىدە يەڭگىل تەۋرىنىپ، سەئىدىن چوڭ بولغان ئائىلىنى، ئويناپ كۈلگەن باغلارنى، بىر ئۆمۈر مېھنەت تەرىنى تۆكۈپ ياشارتقان زېمىنلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئىبراھىم بېلىگە ئاق باغلاپ دەرمانسىز ھالدا جىنازىنىڭ ئالدىدا ئېزىلىپ يىغلاپ ماڭماقتا. جىنازىنىڭ ئارقىسىدا جامائەت، جامائەتنىڭ ئارقىسىدا بىر توپ ئاياللارنىڭ كۆچەپ تۇتۇۋالغىنىغا قارىماي سەئىدىنىنىڭ ئانىسى ياقىلىرىنى يىرتىپ جىنازىغا ئەگىشىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ قولىدا سەئىدىنىنىڭ راۋابى، راۋابنىڭ دەستىدە ئۇ ئاخىرقى نەپەسىدە مەھكەم تۇتۇۋالغان بىر تۈگۈنچەك چىگىكلىك ئىدى. ئانا ھەربىر قەدەمدە راۋابنى، راۋابقا مەھكەم چىگىلگەن ھېلىقى تۈگۈنچەكنى سىلايتتى، ئۇنى قۇچاقلايتتى،

باغرىغا سۈۋايتتى، چوڭقۇر مېھىر بىلەن سۆيەتتى. دەم يەنە ئۆز باغرىنى ئاپپاق قارغا پۈركەنگەن دەرەخلەر ئارىسىدىن ئىزدىگەندەك ئۇلارغا قارايتتى.

ئەنە، ئىككى قىش بوككىدە ئۆسكەن سۆگەت تاللىرى بىلەن قاپلانغان چوڭ ئېرىق. سەئىدىن ئۇنىڭ بويىدا يېڭىلا ئېچىلغان يالپۇز گۈلىنى ئاۋايلاپ ئۈزۈپ رابىيەنىڭ چېكىسىگە ئۆز قولى بىلەن قىسىپ قويغاندا رابىيە پېسىڭگىدە بىرنى كۈلگىنىچە يانچۇقىدىن قىزىل تاۋارغا ئورالغان بىر دوپپىنى ئېلىپ سەئىدىننىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويغان ئەمەسمىدى؟

ئەنە، مايسەن ئۆرۈك ئۈستىدە سەئىدىن خۇددى شاخ سانىغۇچتەك شاختىن ـ شاخقا ئاتلاپ يۈرۈپ يېڭىلا سارغايغان مايسەننى بىر تالدىن ئۈزۈپ رابىيەنىڭ ئېتىكىگە تاشلاۋاتىدۇ. شۇ چاغدا سەئىدىن بىر تال شاخچىنىڭ يېرىلىپ كېتىشى بىلەن پەسكە موللاق ئېتىپ چۈشۈش خەۋپى يېتىپ كەلگەندە سەئىدىندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان رابىيەنىڭ يۈرىكى قوزغىلىپ «سەئىدىن!» دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلىغاندا ئانا يۈگۈرۈپ باغقا چىققان، سەئىدىن چاقچاقلىق بىلەن باشقا بىر شاخچىنى تۇتۇۋېلىپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئانىسىنىڭ، رابىيەنىڭ ئېتىكىنى مايسەن ئۆرۈك بىلەن توشقۇزغان ئەمەسمىدى؟

ئەنە، ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان بۇغدايلىق. ئانا سەئىدىن

ئامراق قىزىلبۇغداش چۆچۈرىسىنى ئېلىپ ئېتىز بېشىغا چىققاندا، سەئدىن رابىيە ئېلىپ چىققان ئاپقۇردىكى قېتىقنا نان چىلاپ يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇۋالغانلىقىنى ئېيتقان ئەمەسمىدى؟

ئانا بولارنىڭ ھەممىنى كۆرگەن، ئوغلىنىڭ چىن سۆيگۈ تەپچىپ تۇرىدىغان يۈرىكىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ يەتكەن! ئۆز ئوغلىنىڭ بەختىنى رابىيەنىڭ سەمىمىيلىكى، ۋاپادارلىقى بىلەن ئاداققا يەتكۈزىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاپ، دىلىدا بىر قانائەتنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكىنى بىلىپ يەتكەنىدى.

ئەمدىچۇ؟

ئەمدى ئۇنىڭ قولىدا پەقەت بىر ئۆمۈر چېلىپ ھارمايدىغان، ئۇنىسىز تىللىرى ئارقىلىق يۈرەكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەتنى، خۇشاللىق ۋە شادلىقنى ئىپادىلەپ بەرگۈچى راۋاب. ئاشۇ راۋابنىڭ زىل ساداسى ۋۇجۇدقا چىقارغان چىن سۆيگۈنىڭ مەڭگۈلۈك نىشانى بولغان تىلتۇمار! ئەمدى ئۇ كىمنىڭ قولىدا سايرايدۇ؟ ئاشۇ قەلب ئىزھارىغا كىم شادلىق نىشانىنى كۆرسىتىدۇ؟

ئانا يۈرىكىنى كۆز ياشلىرىغا قوشۇلۇپ ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى ـ دە، دەرمانسىزلىنىپ يىقىلدى...

جىنازا كىشىلەر توپى ئىچىدە قولدىن قولغا ئۆتۈپ مەنزىلگە

يېتىپ كەلدى، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان دەريا سۈيىنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىغا كۆكرەك يېقىپ تۇرغان بۇ قىيا سەبىي قەلبىنى ئۆز قوينىغا ئالدى. كىشىلەر ئارمان بىلەن كەتكەن بۇ ئاشىقنىڭ ئاخىرەتلىكىنى تىلەپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە تارقاشتى، كەچكى شەپەق يېڭىلا پەيدا بولغان تۇپراق ئۈستىدىكى ئاداققى نۇرىنى يىغىپ يېتىپ كېتىۋاتاتتى، ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېيىلدى. ئاشۇ گۇگۇم قوينىدا يېگانە بىر گەۋدە چىغىر يوللارنى بېسىپ قەبرە ئالدىغا تىزلاندى ـ دە، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىغانچە مۇڭلۇق قىرائەتنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ زىل ئاۋازى يۈرەكنى تىترىتىپ، زېمىن ئاستىدا ياتقان ئاشۇ جانسىز گەۋدە ئۈستىگە گۈل ـ چېچەك بولۇپ يېپىلغاندەك ئىدى. ئۇ قىرائەتنى تۈگىتىپ دۇئاغا قول ئاچتى.

ــ ئاھ، سەئىدىن! كۆزۈمنىڭ گۆھىرى! ئاھ، يۈرىكىمنىڭ بىغىشى! يوللىرىغا تەلمۈردۈم چىرايمۇ كۆرسەتمىدىڭغۇ؟ يېگانە ھالدا مېنى يىراق ئوتىدا ئۆرتەنسۇن دېدىڭمۇ؟ ساداقەت گۈلۈمنى ياۋۇزنىڭ قولىدا چەيلەنسۇن دېدىڭمۇ؟ ئاھ، زامان سىننىقى بىلەن ئارزۇ گۈلى قەلب بېغىدا چېچەك ئاچمىغان بىچارە! ئادالەتنىڭ كۆزى قارىغۇ بولۇپ، ھەققانىيەت رەزىللىك پەردىسى بىلەن ئورالغان، ئىنسان ھۆرىيىتى پۇچەك ياماقنىڭ قولىغا ئايلانغان بۇ زاماندا ۋىسال دەملىرىمىزنى باقىيغا

قالدۇردىلىمۇ؟ ئازراق تەخىر قىلىسىلا! شاھانە تويىمىزنى ئۇ دۇنيادا ھۆرىلەر كۆرسۇن!

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە قەبرىگە مىنۇتچە ۋاقىت تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كەتكەن يولىغا چۈشتى.

## ئۈزۈلگەن ئۈمىد — نىجاتلىق يولى

— بېگىم قىز كۆچۈرۈشنى ئەتىگە ئورۇنلاشتۇردى، تەييارلىقلىرىڭ پۈتكەن بولغىيتتى؟ — ياقۇپ چىلىمنىڭ سەيخانىسىغا چوغ قوندۇرۇۋېتىپ ئايالىغا دېدى.

— ھەممىسى سىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بويىچە بولدى، — ئايال ئوچاقنىڭ تاقىسىدىكى چەينەكنى ئالدى ۋە بىر پىيالە چاي قۇيۇپ ياقۇپنىڭ ئالدىغا قويغاچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سەئىدىنىڭ ۋاقىتسىز ماتىمى ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن، كەيپى تۇنۇگۈندىن بېرى تازا ياخشى ئەمەس، كېچىدىن نەچچە قېتىم جۆيلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككى كۈندىن بېرى تۈزۈكرەك تاماقمۇ يېمىدى. قىزنىڭ قەلبىدىكى ھەسرەت سەل پەسەيگەندىن كېيىن يۆتكەپ كەتسىمۇ...

— نېمە دېدىڭ؟! — ياقۇپ غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا ھومايدى، —

شۇنداقمۇ كۆڭلى قارىلىق قىلغان بارمۇ؟ ئۆلدى ـــ كەتتى. ھاياتلىقتا بىزگە كۆرسەتكەن ئەلىمى ئازمۇ ئۇ ئەبلەخنىڭ؟! ئۇنىڭ نېمىسىگە قايغۇرغۇلۇق؟ قايغۇرغۇدەك نېمىسى باركى ئۇنىڭ؟ ئېسىڭدە بولسۇن، بىگىمنىڭ كۆڭلىنى يەنە يەردە قويدىغان بولساق، بىزگە بۇ يۇرت ھارام بولىدۇ. ئىشنى ۋاقتىدا قىلماي كىچىكتۇرگەننىڭ زىيىنىنى كۆپ تارتتۇق. ئەمدى يەنە كىچىكتۇرۇپ، بالانىڭ چوڭى تېرىلسا ئۇ چاغدا... ھە؟!

ياقۇپ چىلىمنىڭ نەيچىسىنى ئىرغىتىۋېتىپ چاينى ئوتلىغاچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـــ ئۆتكەندە رازىلىق بەردى دەۋاتاتتىڭغۇ؟

ـــ ئۇغۇ شۇنداق بولغان، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ چىقسام تېگىدىن بۇ ئىشقا رازىلىقى يوق، تىلىنىڭ ئۇچىدىكى گەپكە ئىشىنىپ ئۇنى بۇ ئىشقا زورلىساق، بىرەر يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقارمىكىن دەيمەن.

ياقۇپ بىر ئاز سۈكۈتكە چۆمدى.

ئابرۇي پەلەككە يەتكەن، ھوقۇق كۈچى زېمىنغا تېتىغان، بايلىقى تەل بىر لايىقنىڭ قىزىغا بولغان تەلىپىنى ئارقىغا سۈرۈپ، يۇرتتا يۈز - ئابرۇيىنى قويمىغان، بۇ ئائىلىگە ئاز ئەلەم قىلمىغان سەئدىنىڭ ماتىمىگە قايغۇرۇپ، ھەسرىتىگە پۈچىلىنىپ، يۈرەكنى ئۆرتىگۈدەك نېمىسى باركى؟ ئۆلدى ـــ كەتتى!

ئۇنىڭ ئابرۇيلۇق، زېمىندار، مەرتىۋىسىدىن ئەيمىنگۇدەك دادىسى بارمىتى؟ ئالدىدا يۈز كېلەلمەيمەن، توي ـ تۆكۈنلەردە بىر داستىخاندا ئولتۇرالمايمەن دەيدىغانغا چىلاپچىغا تىللا تاشلىيالىغۇدەك بېگىسى بار ئانىسى بارمىتى؟ ياكى كېيىنكى هاياتى تەقدىرىمىزگە غايىب خىسلەتلەرنى بەخشەندە قىلمىسۇن، دەپ قورقىقۇدەك ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ئاغا ـ ئىنىلىرى بارمىدى؟ ئەمدى نېمىگە مۇشۇنچىۋالا تەخىر قىلىپ تۇرغۇلۇق؟ ئايال كىشى دېگەن ئەزەلدىن ئەخمەق كىشىلەردۇر، ئۇلار ئۆز بەختىنىڭ نەدە، كىمدە ۋە نېمىدە ئىكەنلىكىنى بىلەمتى؟ ئەگەر ئۇ شۇلارنى بىلىدىغان بولسا، بىر يالاڭتۆشنىڭ ئاھ ـ ۋاھلىرىغا ئالدىنىپ يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كېتەمتى؟ دېمەك، ئۇمۇ بىر ئەقىلسىز! ئەقىلسىز بولمىسا، ئۆلگەنگە قايغۇرۇپ نېمە بوپتىكەن؟ قىز دېگەننىڭ ئاتا ـ ئانا تاپقان لايىققا تېگىمەن، تەگمەيمەن دېيىشكە هېچبىر هەققى يوق، خوشلۇقىدا گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان هالەت هەمىشە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغۇ؟

ياقۇپ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، بۇيرۇق ئاھاڭىدا ئايالىغا دېدى:

ــ ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولماي ئىش ـ كۈشلىرىڭنى يىغىشتۇرۇۋەر! ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭ ئويناپ ـ كۈلۈپ كۆنۈپ قالمىغىنىنى مەن بىر كۆرەي!

ئانا بىر ياستۇققا باش قويغان كۈندىن باشلاپلا ئۆز هۆكۈمىنى

شەرتسىز بەجا كەلتۈرۈشكە ئۆگەتكەن بۇ ھۆكۈمدارى ئالدىدا قايتا ئېغىز ئېچىشقا ئامالسىز ئىدى.

ئاھ، روھ! يۈكسەك غايە ئۈچۈن ۋۇجۇدىنى سەرپ قىلىپ، ھاياتلىق دېڭىزىدا مەقسەت قىرغاقلىرىغا يېتەلمەي ئارماندا قالغان روھ! جىسمىڭنىڭ تۈگىشى بىلەن سېنىڭ ھاياتلىق ئالىمىدە مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقىنى كىشىلەر ئېسىدىن كۆتۈرۈشكەنمىدۇ؟ بىرلا مەقسەت ئۈچۈن دوزاخ ئازابىنى يېڭىپ ئاداققى نەپسىدە ۋىسال قۇچىقىنى ئارزۇ قىلغانلىرىڭنى كىشىلەر نېمىدەپ چۈشىنىدىغاندۇ؟ قەلبىڭنىڭ ماھىللىقىنى مەجبۇرىيەت ئىلكىدىن ئىزدىگۈچىلەر شۇنىڭ ئىلكىدىكى ئاتالغۇسى ئائىلىنى، ھەمنەپەسلىكىنى ۋە يولداشلىقىنى نېمىدەپ بىلىدىغاندۇ؟ «كۆنۈش» مال - دۇنياغا باغلىق بولسا، سېنى شۇنچە رىيازەتكە، ئۆزۈمنى مۇنچە مالاللىققا، ئائىلەڭنى بۇنچە قايغۇ - ھەسرەتكە گىرىپتار قىلىپ، يۈرەكنى ئۆرتەپ نېمە مەقسەتلىرىمگە يېتەتتىم؟... يورۇق دۇنيا ۋىسال دەملىرىمىزنىڭ ئۆزئارا ھىدلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان بولسا، باقىي دۇنيا قۇچاق ئاچار! بۇ ئالەم ئارزۇ گۈلىمىزنىڭ ئۇرۇقلىرىغا زېمىن بەرمىگەن بولسا، ئۇ دۇنيا بەرق ئاچتۇرار! ھىجران ئازابى ئورنىغا ئىللىق قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ، روھلىرىمىزنىڭلا ئەمەس، بەلكى ۋۇجۇدىمىزنىڭمۇ شادلىق بەزمىسىنى قۇرۇپ ئىمكانىيەت بېرەر!

سەئدىن، يوللىرىمغا ئىنتىزار بولغانلا؟ مەن چوقۇم بارىمەن، جاھان شاھانە تويىمىزدىن شادلانسۇن!

رابىيە دادىسى ئېيتقان گەپ ـ سۆزلەرنى ئانىسىدىن يېپيېڭى يىگىنسىغىچە ئاڭلاپ يۇقىرىقىلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئانا ئۇنىڭ بارلىق گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ زىيادە جىمىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بېشىغا كەلگەن بۇ قىسمەتنى ھاياتلىقنىڭ داۋامى سۈپىتىدە تونۇدى، دەپ بىلدى بولغاي، ئارتۇقچە سۆز قىلمايلا، توي تەييارلىقى بىلەن بولدى.

تاڭمۇ ئاتتى، رابىيە ئۆزى ھېچ ۋاقىتتىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل خاتىرجەملىك ۋە يەڭگىللىك ھېس قىلدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا نە قايغۇ، نە غەزەپ، نە چۈشكۈنلۈك، نە ھەسرەت دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا ھويلا ـ ئارامىلارنى پاكىز تازىلاپ سۇ سېپىپ، ئۆي ئىچىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بېسىقتۇرغاندىن كېيىن ئەينەك ئالدىغا كەلدى، زامانىسى بويىچە ئېسىل بۇيۇم ھېسابلانغان تىكلىمە ئەينەك ئۇنىڭ ئېچىلىش ئالدىدىكى غۇنچىدەك جامالىنى تولۇق كۆرسەتتى.

چىراي! نۇرانىلىقى بىلەن تولۇن ئاينى خىجىل قىلىدىغان ئىللىق چىراي! ئۆزىگە خاس ھايا تۇپەيلى كۆڭلىدىكىنى يوشۇراي دېسىمۇ، سەئدىنگە قالدۇرماي ئاشكارىلاپ قويىدىغان بىر جۈپ شەھلا كۆز! ۋىلىقلاپ كۈلۈپلا تۇرىدىغان ئېغىز، سەدەپتەك ئاپپاق

چىش!

رابىيە ئۇششاق قىلىپ ئۆرۈلگەن سۇمبۇل چاچلىرىنى يەڭگىل سىلاپ ئارقىسىغا تاشلىدى. چېكە چاچلىرىنى تۇزەپ قاشلىرىنى يىملىدى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىشلەتمەي كەلگەن گىرىم بۇيۇملىرىنى ئۆز رېتى بويىچە بىر قۇر ئىشلىتىپ چىقتى، ئۇنىڭ چېھرى تېخىمۇ ئېچىلىپ، گويا چۆچەكلەردە سۈرەتلىنىدىغان پەرىزاتلارنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. ئۇ ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ گۈزەللىككە تەشنا سەبىي قەلب قانائەت ھاسىل قىلىپ سۆيۈنگۈدەك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ چوڭقۇر بىر تىن ئالدىيۇ، يەنە نېمە ئۈچۈندۇر ئاھۇ كۆزلىرىدىن ئاققان مونچاقتەك ئىككى تامچە ياش مەڭزىدە توختاپ قالدى، پۈتكۈل ماھىيىتىگە گۈزەللىك مۇجەسسەم بولغان بۇ كۆلگۈن چىراي، گۈزەل قەلبكە كىم ھەمراھ بولىدۇ؟ بۇ چىراي بۇ گۈزەللىك ۋە بۇ گۈزەل قەلب تالىق بولغان يەنە بىر ساپ ۋە سەبىي يۈرەك قېنى؟ بۇ جابدۇنۇشلىرى، بۇ تەييارلىقلىرى پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟

— خۇدا ئەقلىمدىن ئازدۇرمىغانلىقىڭغا مىڭ قەترە شۈكۈر! — رابىيە ئۆزىگە شۇلارنى پىچىرلاپ يېشىنى سۈرتتى. تاۋار ياغلىققا ئوراقلىق ئۈزۈكنى ئاۋايلاپ بارمىقىغا سالدى ۋە ئۇنى مېھىر بىلەن بىر قۇر سىلاپ قويۇپ ھويلىغا چىقتى ـ دە، سىڭلىسى

بۇۋى زۆھرە بىلەن بىر سوغىنى بالداقتا ئۆتكۈزۈپ دەريا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئۇ مېڭىۋاتىدۇ، قىلىن قارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ دەريا تەرەپكە قاراپ مېڭىۋاتىدۇ. يۇرتنى، ئۇنىڭ ساپ ھاۋاسىنى، كۆرگەن ـ بىلگەنلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، كۆڭلىدە قارار قىلىپ بولغان ئاخىرقى نىشانغا قاراپ مېڭىۋاتىدۇ، ئۇ مۇشۇ نىشانغا ۋاقىتسىز كېلىپ قالماسلىق ئۈچۈن قانداق بەدەللەرنى تۆلىمىگەن؟ تەكلىماكاندىكى سەرسانلىق، ئۆز ئاتىسى تەرىپىدىن مەجبۇرىي يوسۇندا باغلاقتا ئېلىنىپ قامچىلىنىش، چېكىسىدىن ئاقان قىپقىزىل قان، ئانىسىنىڭ ياقۇپقا يالۋۇرۇشلىرى، سەئىدىنىڭ ھەيىستىكى تۇتقۇنلۇق ھاياتى، ئىبراھىمنىڭ ۋەسلىدىن ئايرىلىش... ئىنسانىي ئەرك بىلەن ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇشۇ نىشانغا ۋاقىتسىز كېلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ مانا ئەمدى ھەممىسى بىكار بولدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك، سەئىدىنىڭ ـــ مۇشۇ پاك يۈرەك، مۇشۇ مېھرى سۆيگۈ ۋە مۇشۇ گۈزەللىك تالىق بولغان سەئىدىنىڭ تىراگېدىيەسى...

ھەممىسى مۇشۇ نىشان ئۈچۈن بەدەل ئەمەسمىدى؟ ئۇلار پەقەت مۇشۇلار ئۈچۈن تۇغۇلغانمۇ؟ ئۇلارمۇ ياشىشى، دۇنيانىڭ سىرلىرىنى بىلىشى، يارالمىشىنىڭ مەقسەتلىرى ئۈچۈن

تىرىشىشى لازىم ئەمەسمىدى؟

خۇدا، بىز راستتىنلا بەختسىزمۇ؟ بەختسىزلىك تۇغۇلۇشىدىنلا پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن بولغىيمىدى؟ بۇ دۇنياغا ئىنسان دەپ يارىتىپسەن، قەلبىمىزگە ئىنسانىي ۋىجدان، غۇرۇر، تۇيغۇ، ھېس بېرىپسەن. ئەقىل، ھوش، ئىدراك، سېزىم ئاتا قىلىپسەن! ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەت رىشتىنى زورلۇق، ئابرۇي ۋە دەپىن - دۇنيانىڭ كۈچى بىلەن ئەمەس، بەلكى سەن بەخش قىلغان پەزىلەتلەر بىلەن بىر - بىرىگە چېتىپ، ھاياتلىق يولىغا ئەمدىلا تىن قول تۇتۇشۇپ چۈشكەندە يولنى بوغدۇڭ! ئىنسانىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتىگۈدەك پۇرسەت بەرسەڭ بولماسمىدى؟ ئاھ، جۇدالىق قىلىچىنى ئۇرغان ۋاپاسىز ئالەم!

يول بويى رابىيە ھەربىر قەدەمدە شۇلارنى دەيتتى.

توغرا، ئۇ ئۆزى تاللىغان ھاياتلىق يولىدىن بۇنداق بولۇشىنى كۈتمىگەن، بۇنداق تەتۈر قىسمەتنى ئەمەس، بەلكى بەرق ئۇرۇپ ياشنىغان ھالال مېھنەت ئارقىلىق زېمىن ياشارغۇدەك، دوستلار كۈلگۈدەك خۇشناۋا، ئەركىن ھاياتنى كۈتكەن، ئىنسانىي ئەركى ئۆز قولىدا بولغان كىشىلىك ھاياتنى كۈتكەن! ئەمدى كۈتكەنلىرىنى بىرلىكتە ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان قولدىشى، ھەمراھى قېنى؟

رابىيە قېلىن قارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ دەريا بويىغا

كەلدى. ئۆز قېنىدا ئويناقلاپ ئاققان دەريا سۈيى كۆك مۇز باغرىغا كۆمۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى ئېچىرقاپ قالغان ئەجدىھادەك سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ئۇ دەرياغا قاراپ بىردەم تۇردى ۋە كېيىن زۆھرەنى باشلاپ دائىم سۇ ئالىدىغان جايغا كەلدى. رابىيە مانا مۇشۇ يەردە سەئدىن بىلەن نەچچە ـ نەچچە سائەتكىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇرغان، سۇزۇك ئۇنچىلەرنى ئوچۇملاپ ـ ئوچۇملاپ بىر ـ بىرىگە چېچىشقان، قانغۇچە كۈلۈشۈپ ئويناپ يۈرگەن ئەمەسمىدى؟ ئەمدى ئۇ يالغۇز. مۇڭداشقۇدەك، سۇ چاچقۇدەك بىرەر قولداشمۇ يوق!

ئۇ سۇغا قارىدى. قېلىن مۇز ئىچىدىن تۇرۇلۇپ ـ تۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان سۇ بىر قاينامنى ھاسىل قىلىپ، يەنە مۇز ئىچىگە شۇڭغىماقتا ئىدى، ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى سۇ قاتلاملىرىدىن سەئدىننى ئىزدىگەندەك، سۇ ئۈستىدە ئەگىمەكتە ئىدى. ئەنە، سەئدىن! راۋابىنى شوخ پەدىگە سايرىتىپ ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتماقتا. دەم سۇزۇك ئۇنچىنى رابىيە شوخلۇق بىلەن چاچماقتا، دەم ئۇنى ئۆز يېنىغا چاقىرتىپ بەخت پەيزىنى سۈرۈشكە دالالەت قىلماقتا.

رابىيە ئاخىرقى قېتىم سىگىلىسىنى باغرىغا باستى، بېشىدىكى تۇمىقىنى ئېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا ئاۋايلاپ كىيدۈردى ۋە ئۇنى چوڭقۇر مېھىر بىلەن بىرنى سۆيۈپ سەئدىننىڭ دىدارىغا

قاراپ ئۆزىنى ئاتتى!

ئاھ! ناتىۋاننىڭ زورلۇق ئالدىدىكى ئىچىنىشلىق نالىسىدەك بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ رابىيە كۆزدىن يوقالدى. يانار تاغدىن ئېتىلغان ۋولقاندەك قايىنامدىن كۆتۈرۈلگەن سۇ بىلەن تەڭ رابىيە كۆزدىن ئۆچتى. قاتتىق بوران زەربىسىدىن يېرىلغان بەھەيۋەت دەرەخنىڭ غولاپ چۈشۈشىنى ئەسلىتىدىغان قاراسلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ رابىيە مۇز تېگىدە غايىب بولدى! ئۇي - دوڭغۇلغا قارىماي شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن زور كەلكۈندەك، مۇز ئۈستىگە يېيىلغان سۇ بىلەن تەڭ رابىيە ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى!

سۇ يۈزى قۇترىغان بوراندىن كېيىن دېڭىز يۈزىدەك تىنچلانغانىدى. زۆھرە ئەتراپقا قارىدى. ئاچا، ئاچا! دەپ توۋلىدى. لېكىن، ئۇنىڭغا قىيادىن يانغان ئەكس سادادىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئۇ شۇندىلا ئاچىسىنىڭ مۇز تېگىگە غەرق بولغانلىقىنى بىلدى - دە، يۈگۈرگىنىچە ئۆي تەرەپكە يول ئالدى.

دەريا بويى ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. يىغىلغانلارنىڭ قولىدا پالتا، ئارا ۋە ئىلمەك. ئۇلار جەھلى بىلەن مۇز يېرىپ، ئىلمەك تاشلاپ رابىيەنىڭ جەسىتىنى ئىزدەيتتى. ئىنسانىي ئەرك يولىدا ۋۇجۇدىدىن ئايرىلغان ناتىۋاننىڭ پاجىئەسىگە قايغۇرۇپ ئەلەملىك ياشلىرىنى تۆكەتتى. مۇز پارچىلىرى دەريا سۈيىنى توسۇپ

مۇزلار قاراسلاپ يېرىلىپ، سۇ توسۇلۇپ، دەريا كۆۋەجەشكە باشلىدى. لېكىن، بۇ يۇرت خەلقىنىڭ بىر كۈن قىلغان مېھنىتى نەتىجىسىز بولدى.

قۇياش شەپەق نۇرىنى يىغىپ، زېمىن هازىلىق كىيىمىنى كىيدى. كىشىلەر شام چىراغلىرىنى يېقىشىپ ئۇنىڭ بىلەن دەريا بويىنى ئىزدەشكە باشلىدى، تاكى تاڭ ئاتقىچە داۋاملاشقان بۇ ھەرىكەت يەنىلا نەتىجىسىز ئىدى.

ياقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى، ئۇ دەم ھوشسىز ياتقان ئايالىنىڭ بېشىغا يۈگۈرسە، دەم ئىمامنىڭ قولىدىكى تىزىملىككە قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

— نېمىگە بۇنچىۋالا ھاڭۋاقسىز! بالا باقتىم دەپ بالانى باققاندىن كېيىن ئۇنىڭ دەردىنى تېخى تارتىسىز! بەخت قۇشى ھومايۇننى قولدىن چىقىرىپ قويغان دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ بىر تال يىپ كەم بولسا، قانداق ئاقىۋەتكە گىرىپتار بولىدىغانلىقىڭىزنى، بېگىمنىڭ بۇ ئىشقا قانداق پوزىتسىيەدە بولىدىغانلىقىنى دېمىسەممۇ ئوبدان بىلىسىز - ھە؟!

ئىمامنىڭ بۇ سۆزلىرىسىزمۇ ياقۇپ ھەممىنى بىلەتتى. ئۇ ئەشتىرخانساندۇقنى ئاچتى ۋە تىزىملىك بويىچە ھەممىنى بىر - بىرلەپ ئىمامغا ئۇزاتتى. شۇ تاپتا بىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۆتكۈر خەنجەرنى غاچىلدىتىپ سانجىۋاتقاندەك، ئىچ باغرىنى ۋاراچلىتىپ

يۈلۈپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى، پۈتكۈل بەدىنىنىڭ سىرقىراپ بىر خىل ئارامسىزلىنىشىنىڭ ۋۇجۇدىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ھېس، بۇ تۇيغۇ ئىمام ئېيتقاندەك بىر بالانى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقتىنمۇ ياكى قولىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ياكى ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا ئۆكۈنگەنلىكتىنمۇ ۋە ياكى بولمىسا، ئالەمنىڭ بىقارارلىقى تۈپەيلى بۇ قىسمەتكە دۇچار بولغانلىقىدىنمۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى.

ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت ئاي ۋاقىت ئۆتتى. ھاۋا ئىللىپ باھار تونىدىن زىنىنەتلەنگەن ۋاقىتلار ئىدى. يېزا يولىدا بىر توپ باللار قويلىرىنى ھەيدىشىپ دەريا بويىغا كېلىشتى. يېشىللا كۆكەرگەن دەريا ساھىلىدا قوزىلار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، سەكرىشىپ ئوينايتتى. باللار ئوتلاقتىكى قويلىرىدىن خاتىرجەم بولۇشۇپ دەريا قىرغاقلىرىدىن تەمەچ تېرىشكە تۇتۇندى، ئۇلار بىرىدىن بىرى يېشىگى تەمەچ دۆۋىسىنى تېپىش ئۈچۈن چېپىشاتتى. شۇ ئەسنادا بىر بالا ئەنسىزلىك بىلەن ھەممەيلەننى چاقىردى. باللار گۇررىدە ئۇ چاقىرغان يەرگە باردى. جانسىز بىر گەۋدە بېلىنىڭ يېرىمى سۇغا چىلاشقان ھالدا قىرغاققا چاپلىشىپ ياتاتتى. باللار قورقۇشۇپ جەسەتنىڭ قېشىغا بېرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى ۋە ئاۋازىنىڭ بارىچە ئادەم

چاقىرىشتى. تەرەپ ـ تەرەپتىن دەريا بويىغا يېتىپ كەلگەن كىشىلەر جەسەتنى لايدىن ئېلىپ قارىدى.

ــ رابىيە!

پۈتۈن يۇرت ئاسمىنىنى بىر ئالغان بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ كەنت ئەھلى دەريا بويىغا يىغىلدى. ياقۇپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەن هالدا جامائەت بىلەن بىللە يېتىپ كەلدى ۋە توپنى يېرىپ جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. نۇرلۇقلۇقى بىلەن ئەلنى ھەيران قالدۇرغان بىر تولۇن ئاي جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتاتتى.

ــ ئاھ!

ياقۇپ جەسەت ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. جامائەت يىغا ـ زار قىلىشىپ يىغىدىن ماتەم ئاچتى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆز يېنىدا ئويناپ ـ كۈلۈپ، بىر كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان ئادەتتىكى بىر ناتىۋان هازىر جامائەت ئۈچۈن ناھايىتى قەدىرلىك بىر زاتقا ئايلانغانىدى. جامائەت ئۇنى يۇيۇپ ـ تاراپ جىنازىغا ئالدى.

ــ قارىمامدىغان، ــ دەيتتى ئۇلار بىر ـ بىرىگە، ــ ھېچ يەردە ئەمەس، دەل سەئدىنىنىڭ قەبرىسى ئۇدۇلىدا توختاپ قالغىنىنى؟ خۇدا بۇ ئوتنى ئۇلارنىڭ دىلىغا سالغانىكەن، ئۇلارنىڭ ۋىسال شادلىقىغا بۇ ئالەمدىكى غەيرىيلىكلەر توسقۇنلۇق قىپتۇ، بىزلەرمۇ بىلەلمەپتۇق. ئەمدى خۇدا ئۇ

دۇنيادا مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتكۈزەر! دۇنياغا ئارمان بىلەن كەلگەن بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار بۇ دۇنياد قاندۇرالمىغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئۇ دۇنيادا بولسىمۇ قاندۇرۇۋالسۇن. دۇنياغا پاك كېلىپ پاك كەتكەن بۇ بىر جۈپ تەن ئۇ دۇنيادا پاكلىقنىڭ راھىتىنى كۆرسۇن!

ياقۇپ ئاللىبۇرۇن ئۆز جەمەتى گۆرستانلىقىدىن لەھەت تەييارلىغان بولسىمۇ، لېكىن جامائەتنىڭ بۇ سۆزلىرى ئالدىدا چىش يېرىپ بىر نەرسە دېيەلمىدى.

رابىيەنىڭ جەسىتى جامائەت تەرىپىدىن تەييارلانغان سەئىدىنىڭ قەبرىسى يېنىدىن ئورۇن ئالدى. ھاياتلىق ئالىمىدە ئۆز ئارزۇلىرى ئۈچۈن بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنى زېمىن قوينىغا ئالدى ... جامائەت ئۇزۇنغا سوزۇلغان قۇرئان تىلاۋىتىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىشىپ ئۆيلىرىگە تارقاشتى.

**图书在版编目(CIP)数据**

热比亚与赛依丁：维吾尔文／阿布杜热依木·尼扎里著;艾麦提·代尔维什修改编．-- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2011.3
(享受少儿名著丛书. 第2辑)
ISBN 978-7-5469-1445-9

Ⅰ.①热… Ⅱ.①阿… ②艾… Ⅲ.① 散文-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I267

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第035761号

**丛 书 名** 享受少儿名著丛书 - 2 (3)
**书　　名** 热比亚与赛依丁
**策　　划** 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
**作　　者** 阿布杜热依木·尼扎里
**编　　写** 艾麦提·代尔维什
**责任编辑** 买哈巴·铁外库
**责任校对** 古丽巴哈尔·托合塔木
**特约校对** 阿不都热依木·阿不力米提
**封面设计** 努尔买买提·吾买尔
**出　　版** 新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社
**地　　址** 乌鲁木齐市西虹西路36号
**邮　　编** 830000
**发　　行** 新疆新华书店
**印　　刷** 新疆新华印刷厂
**开　　本** 880×1230mm 1/32
**印　　张** 5.75
**版　　次** 2011年3月第1版
**印　　次** 2011年3月第1次印刷
**书　　号** ISBN 978-7-5469-1445-9
**总 定 价** 122.00元（全10册）

（书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系）

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۈچقۇن

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 2

رەۋزەتۇززۇھرە

مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شىرىن

رابىيە - سەئىدىن

كىتابى غېرىب

مەسئۇد ۋە دىلئارا

ئەتەبەتۇلھەقايىق

غېرىب - سەنەم

تاھىر - زۆھرە

كەلىلە ۋە دىمنە

ھۆرلىقا - ھەمراجان

14.00

ISBN 978-7-5469-1445-9

9 787546 914459 >

总定价：122.00元（全10册）